XYOUTH

新疆青年

# شىنجاڭ ياشلىرى

4

1998

ياشلىقنىڭ يارقىن جۇلاسى

ئۆششۈك ھەرە ۋە بوۋاينىڭ يەكۈنى

بۈگۈنكى ياپونىيە .

«پادىشاھ سامورايلىرى» قانداق ياشايدۇ

ياشامدۇق، ياشىمامدۇق

بۆرەك ھەققىدە پاراڭ



ISSN 1002-9109

04>

9 771002 910000

# ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى








كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 8-نۆۋەتلىك 5-ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 1998-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جۇشىڭتاۋ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش شاۋكەت ئىمىن 8-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت يىغىنىغا ۋەكالىتەن خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى. يىغىن مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جۇشىڭتاۋنىڭ سۆزىنى، يولداش شاۋكەت ئىمىننىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 1998-يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ ئەيرۇڭ يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى.

(مامىك سۈرىتى، خەۋىرى)

1. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جۇشىڭتاۋ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.
2. شۇجى شاۋكەت ئىمىن خىزمەت دوكلاتى بەرمەكتە.
3. پارتگۇرۇپپا شۇجىسى سۇڭ ئەيرۇڭ خۇلاسە سۆزى قىلدى.
4. شاۋكەت ئىمىن گۇرۇپپا يىغىنىدا سۆز قىلدى.
5. سۇڭ ئەيرۇڭ گۇرۇپپا يىغىنىدا سۆز قىلدى.
6. ۋەكىللەر مۇئاۋىن شۇجى جۇشىڭتاۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا.
7. يىغىن ئارىلىقىدىكى كۆڭۈل ئېچىش.









جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى




ئويلىنىش
ئا . ئەمەت سۈرىتى

باش مۇھەررىر
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
(ئالىي مۇھەررىر)
(تېلېفون: 2818446)
دىرېكتور : ماملىك
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : لى چيۈەن

# مۇھىم ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى


| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 8- نۆۋەتلىك 5- ئومۇمىي يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات | | شەۋكەت ئىمىن | 1 |
| ياشلىقنىڭ يارقىن جۇلالىسى | | ئەنۋەرجان مەتنىياز | 5 |
| ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا | | ئىمىنقارى قەيۇم | 7 |
| ياخشى تەدبىر، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم | | سەمەت سالىھ | 9 |
| ياشامدۇق، ياشىمامدۇق | | | 11 |
| گۈلگە پۈركەلسۇن ھايات | | قەيسەر ساۋۇت، ئاينۇر. م، خالىسە. پ | 13 |
| ئۇششۇك ھەرە ۋە بوۋاينىڭ يەكۈنى | | ئەخەت ھاشىم | 17 |
| 1997 - يىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۆكىدە چاقنىغان يۇلتۇزلار | | تۇرسۇنجان تۇرغۇن | 19 |
| پرومېتىي ۋە ئەرشىنىڭ ئوتى | | توختى ئابدۇۋايىت | 19 |
| جەمئىيەت مېھىر - مۇھەببەتكە مۇھتاج | | ئېزىزجان توختىھاجى | 27 |
| بۈگۈنكى ياپونىيە. «پادىشاھ سامورايىلىرى»قانداق ياشايدۇ | | ئەبەيدۇللا ئىبراھىم | 33 |
| بىزنىڭ قەدىمكى پۇللىرىمىز | | ئابلىز مۇھەممەت سايرامى | 43 |
| بۆرەك ھەققىدە پاراڭ | | سېتىۋالدى كېرىم | 47 |
| «تەكلىماكان تۇرسۇن» دەرىخى | (ھېكايە) | مۇرات | 56 |
| تاغ ھەققىدە رىۋايەت | (نەسىر) | ئەخمەتجان ياسىن (ئىقبالى) | 58 |
| رۇبائىيلار | | ئابدۇرېھىم زۇنۇن | 60 |
| گۈل | (شېئىر) | ئەخمەتجان ئىمىن (ئارمان) | 61 |


سىياسىي، نەزەرىيۋى، پەننىي، ئەدەبىي خاراكتېردىكى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ، ھەر ئاينىڭ 1- كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرى«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلىپ، شىنجاڭ ياشلىرى رېداكسىيسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ.
(مۇئاۋىن بۆلۈم مەسئۇلى: ئۆركەش ئىبراھىم. ياردەمچىلىرى: ئىسمايىل ئىبراھىم، ئەسقەر داۋۇت)

## دانالار ھېكمەتلىرى

**ك**ىمدە مەرىپەت بولىدىكەن، ئۇ ھەققىي ئىنساندۇر.

– مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

ھەر قانداق تۆمۈر ئالماس بولالمىغاندەك، ئۆزىنى ئادەم دەپ ھېسابلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئادەم قاتارىغا كىرەلمەيدۇ.

– مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

ساۋاب بىلەن ياخشىلىق ئەل ئارىسىدىن تېپىلىدۇ.

– يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئادەمدىكى بىلىم سۆڭەكنىڭ ئىچىدىكى يىلىككە ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ زىننىتى يىلىكتۇر، بىلىمسىز ئادەمنىڭ يىلىكسىز سۆڭەكتەك ئىچى كاۋاك، يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزاتمايدۇ.

– ئەھمەد يۈكنەكى

ئىلىم ئىزدەنگۈچىلەر زوق ۋە شوق بىلەن ھەر كۈنى بىر مەنزىلنى، ھەر ئايدا بىر شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەقسەت يېقىغا ئۇلىنىشنى، ئارزۇ ۋە مۇراد ساھىلىغا يېتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

– ئۆمەر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئالىملار ھەر زېمىننىڭ بېغىدۇر ۋە مەملىكەتنىڭ شاھىدۇر.

– مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

بىلىمنى نېمىشقا بىلىم دېگەنلىكنىڭ مەنىسىنى بىل، بىلىم بىلگەن ئەردىن كېسەل يىراقلىشىدۇ. بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېسەلدۇر، كېسەلنى داۋالىسا، ئادەم تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

– يۈسۈپ خاس ھاجىپ

## دانالار ھېكمەتلىرى

**ئا**دەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ. بىلىمسىز ئادەم تىرىك تۇرسىمۇ، ئۆلۈكتەكلا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. بىلىملىك كىشى ئۆزى ئۆلسىمۇ، نامى ئۆلمەيدۇ، بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ نامى ئۆلۈك بولىدۇ.

– ئەھمەد يۈكنەكى

ئىلىم – يورۇقى چىرايلىق بىر ئاتكى، كىمكى ئۇنىڭغا مىنەلىسە، خارلىق كۆرمەيدۇ.

– مۇھەممەت بىننى ئابدۇللاخاراباتى

ھېكمەت بىلەن ئەقىل – كىشىگە زىبۇزىننەتتۇر.

– ئەلشىر ناۋائى

ئىلىم – ھېكمەت ئىزدە، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە، غادىيىۋالما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەيلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان كىشى سىناقتا دۇچ كەلسە ھودۇقۇپ قالىدۇ.

– مەھمۇد قەشقەرى

ھەر قانداق ئىشنى ئەقىل ئىدراك بىلەن ئىشلە، ياشىغان زامانەڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

– يۈسۈپ خاس ھاجىپ

دىلنى بىلىم بىلەن يورۇتقان كىشى كور بولسىمۇ، جاھاننى ئەينەن كۆرەلەيدۇ.

– مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

ئۆز سۈپەتلىرىنى پەقەت پەزىلەتلىك پائالىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ياكى ئۆزىنى رەزىل پائالىيەتتىن قاچۇرغان ئەقىل پاراسەتلىك ئەقىلدۇر.

– ئەبۇ نەسىر فارابى

بارچە ھاياتلىق بىلىم بىلەن ئۆز قەدرىنى تاپىدۇ.(08)

– يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(«مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى»ناملىق كىتابتىن خېلىل تەييارلىدى).



# ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 8-نۆۋەتلىك 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا بېرىلگەن دوكلات

(قىسقارتىلمىسى)

ئەۋكات ئىمىن

ھۆرمەتلىك كومىتېت ئەزالىرى، يولداشلار:

1997-يىلى، ئىتتىپاق كومىتېتىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە ۋە ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىتتىپاق كومىتېتىمىزنىڭ خىزمىتىدە يېڭى، تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتۇق. ئىشلىگەن خىزمەتلىرىمىز ئاساسلىقى مۇنداق بىر قانچە جەھەتلەردە گەۋدىلىك بولدى:

1. ئىتتىپاقنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

ئىتتىپاق كومىتېتىمىز شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنىشى ۋە پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ۋە كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسىنى كەڭ - كۆلەمدە قانات يايدۇردى. پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەركەزنىڭ 7- نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5- نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى تۇتۇشنى چۆرىدەپ، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش پائالىيىتى تەربىيىسى، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى تەربىيىسى ئېلىپ باردى. پۈتۈن ئىتتىپاق بويىچە نۇرغۇن كادىرلار نۇقتىلىق تۈزەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئەۋەتىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىمۇ 7 كىشىلىك خىزمەت ئەترىتىنى قاراقاش ناھىيىسى، ئۈرۈمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارغا نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەۋەتىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ۋە ماختىشىغا ئېرىشتۇق.

2. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە كۈچەيتىلدى. بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئىتتىپاق ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق خىزمەت سۈپىتىدە

چىك تۇتتى. ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى ئارقىدا قالغان تەشكىلاتلىرى رەتكە سېلىندى؛ قوشۇن قۇرۇلۇشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ئىتتىپاق قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، تۈزۈم، تەدبىر قۇرۇلۇشى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەش نىشانلىق مەسئۇلىيەت سىستېمىسى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ياشلار ئىتتىپاقى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى كۆرۈنەرلىك ئۆستى؛ ئىتتىپاق كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى. نەزەرىيە ۋە كەسىپ جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، ئەمەلىي ماھارەت ۋە باشقا پەننىي بىلىملەر بويىچە يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن بىر تۈركۈم ئىتتىپاق كادىرلىرى ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە دېڭىز بويىدىكى رايونلار ھەمدە پارتىيە، ئىتتىپاق مەكتەپلىرىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلىپ ئىتتىپاق كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

«ئىككى چوڭ قۇرۇلۇش، بىر ھەرىكەت» ئۈنۈمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ياشلار مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈنۈمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر يېزىلىرىدا جۇش ئۇرۇپ قانات يايدى. نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، مېيىپلارغا ۋە ئوقۇشسىز قالغانلارغا ياردەم بېرىش، خەتەر ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئورمان بەرپا قىلىش، كۆكەرتىش جەھەتلەردە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى، مەدەنىيەتلىك بولۇش، يېڭى كەيپىيات، يېڭى پائالىيەت ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭى دولقۇن شەكىللەندۇردى.

«ئۈمىد قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش ۋە باشقۇرۇش سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. بۇلتۇر 12- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، 3 مىليون يۈەنگە يېقىن ئىئانە قوبۇل قىلىندى، ئۈمىد كىتاب ئامبىرىدىن 170 ى، ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىدىن 58 ى قۇرۇلدى، 1080 نەپەر ئوقۇشتىن قالغان ئۆسمۈر قۇتقۇزۇۋېلىندى. ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ سالمىقى يەنىمۇ زورايتىلدى. ئەسىر ھالقىيدىغان ياش ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىپ، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدا ھەر خىل ياش ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاش يەنىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە 1997- يىلى ئىتتىپاق كومىتېتى بويىچە 1000 غا يېقىن ياش ئىختىساسلىقلار ئۈلگە قىلىپ تىكلەندى ۋە تەقدىرلەندى.

«10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش ھەرىكىتى» ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ نېفىت بىلەن پاختا ئىستراتېگىيىسىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاشلىق بىلەن پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مۇسابىقىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشلار بىرلەشمىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى خىزمىتىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ياشلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە يىپەك يولى خەلقئارا تاشيول ۋېلسىپىت مۇسابىقىسى، گۋاڭدۇڭ، شىنجاڭ، شياڭگاڭ، ئاۋمېن ياشلار يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى مۇۋەپپىەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى ھەمدە ياپونىيە، قىرغىزىستان، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى دوستانە زىيارەت قىلىشنى تەشكىللىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كەلدى. پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ «قول تۇتتۇشۇش» پائالىيىتى، ئۆلچەمگە يېتىش پائالىيىتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى، ئاساسىي قۇرۇلۇشلار ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە، مەدەنىيەت، ئەخلاق ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 1997 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتى ساغلام تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى، ئومۇمىي سەۋىيە ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن بىر يىل بولدى، مول نەتىجىلىك بىر يىل بولدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىغا ۋەكالىتەن، بارلىق كومىتېت ئەزالىرى ۋە يولداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا جاپالىق ئىشلەۋاتقان بارلىق ئىتتىپاق

كادىرلىرى، ھەر مىللەت ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلاردىن سەممىي ھال سورايمەن.

ئاپتونوم رايونىمىز ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 1998- يىللىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 5- نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتىنىڭ 13- نۆۋەتلىك 6- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان «2 چوڭ قۇرۇلۇش، بىر ھەرىكەت»نى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىتتىپاق ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە مۇنەۋۋەرلىرىنى كۆرسىتىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپى ۋە ياشلار مەركەزلەشكەن سەپلەرگە يۈزلىنىپ، يېزا، ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردە ئىتتىپاق ئەزالىرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم.سان بىلەن سۈپەتنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «بىرى يېتىلسە، بىرنى قوبۇل قىلىش» ۋە «بارلىق مۇنەۋۋەر ياشلارغا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش»تىن ئىبارەت فاڭجېن بويىچە ئاكتىپلار قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش كېرەك.مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيىگە كىرىشكە كۆرسىتىش، مۇنەۋۋەر ياشلارنى ئىش ئورنىغا چىقىشقا كۆرسىتىش ۋە مۇنەۋۋەر پىئونېرلارنى ئىتتىپاققا كىرىشكە كۆرسىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ھەر خىل شارائىت ۋە پۇرسەتلەرنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئەسىر ھالقىيدىغان مۇشكۇل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئۇنىۋېرسال ئىختىساسلىقلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. يېتىشتۈرۈش جەريانىدا، قىسقا مۇددەتلىك يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇنتىزىم يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە يېتىشتۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، سىرتقا چىقىرىپ يېتىشتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، شۇئارقىلىق ئىتتىپاق كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، كەسپىيلەشتۈرۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ياشلارنى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا پائال قاتنىشىشقا، كارخانىلارنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش لازىم.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياشلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ قالدۇرۇلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھەل قىلىش كېرەك.ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم. بىرىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، كونىلىق، كۆزىتىش، تايىنىش ئىدىيىسىنى تۈگىتىپ، ئاڭلىق تۈردە ئەمگەك كۈچلىرى بازىرىغا كىرىپ، كەسىپنى ئۆزى تېپىش، ئۆزى تاللاشقا يېتەكلەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، بازا قۇرۇپ، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارغا بولغان كەسىپ بويىچە يېتىشتۈرۈش ۋە تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ ئۇلارنىڭ يېڭى تېخنىكا ئۆگىنىشى ۋە يېڭى ماھارەت ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم.ئۈچىنچىدىن، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياشلارنى قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋاستىلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇچۇر ئارقىلىق تونۇشتۇرۇش، سىياسەت مۇلازىمەتچىلىكى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كۆۋرۈك بولۇپ بېرىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، غەيرەتلىك، ئىقتىدارلىق ياشلارنى بازارغا كىرىشكە يېتەكلەپ، «ئىگىلىك تىكلەپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش»نى قانات يايدۇرۇپ، ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاق كادىرلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ياشلارنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىن ياخشى، جانلىق پايدىلىنىپ، كوللېكتىپ، يەككە،

شىرىكچىلىك شەكىللىرىدىكى 3 - كەسىپ ۋە ئەمگەك مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى قۇرۇشقا ھەتتا پاي چېكى تۈزۈمى، پاي چېكى ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى ئېلىشقا ۋە قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تارقاتماقچى بولۇۋاتقان «ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى» قۇرۇلۇشى ئۆلچىمى بويىچە، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر)لەردە بىردىن يۇقىرى ئۆلچەملىك «ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى» قۇرۇشى كېرەك.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى. پارتىيە چاقىرىق قىلغانىكەن، ياشلار ئىتتىپاقى ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. خىزمەتلەرنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە نېفىت بىلەن پاختىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش نىشانىنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئىشلەپ، ياشلارنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقىغا باشلاپ كىرىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ھاللىق سەۋىيىگە كىرىشتەك ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ بىلەن تىرىششى لازىم. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ياش ئىشچىلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىششى ئۈچۈن كەسىپ بويىچە يېتىشتۈرۈش ۋە تېخنىكا تەربىيىسى بىلەن تەمىن ئېتىش، شەھەرلەردىكى قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا يار - يۆلەكتە بولۇش، جەمئىيەتتىكى ئاجىزلارنىڭ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، سىرتتىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ياشلارنىڭ ئورۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

ھەر مىللەت ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەسىر ھالقىش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. 20 - ئەسىر ئۆتۈپ كەتمەكتە. 21 - ئەسىر كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا. 21 - ئەسىر رىقابەت، ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئەسىر بولىدۇ. يېڭى ئەسىردە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلىدۇ. شۇڭا، ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، خىزمەت ئۈستىدە پىكىر قىلىشتا، ئەسىر ھالقىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىش كۆرۈش لازىم. ياشلارنىڭ ئەسىر ھالقىش ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئۇلۇغۋار غايە ۋە ئىرادە بولۇش كېرەك. زامانىمىز ياشلىرى ئورتاق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناب ئىنتىلىشى قىلىپ، شەخسىي كۆرەش نىشانىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تارىخىي ئىجادىيەت پائالىيىتىگە يۇغۇرۇۋېتىش لازىم.

ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى «ئەسىر ھالقىيدىغان بۈركۈت ھەرىكىتى»نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، «قول تۇتۇشۇش»، «بەش ئۆز»، «بۈركۈتلەر رىقابىتى»، «ئارامكۈن ئەترىتى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بىر قولدا ئاساسىي تېما ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى، بىر قولدا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پىئونېرلار خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم.

ئەزالار، يولداشلار! 21 - ئەسىر بىزگە قول ئۇزاتماقتا، پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى بىزگە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلاننى سىزىپ بەردى. ئەسىر ھالقىيدىغان بىر ئەۋلاد ياش بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئالماقتىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن، شىنجاڭنى يېڭى قىياپەت بىلەن 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا زىچ ئەگىشىپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، دەۋرگە خاس يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 14 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋالايلى!

(نېغمەت ئابلىمىت . ت)




# ياشلىقنىڭ يارقىن جۇلاسى

★ ئەنۋەرجان مەتنىياز ★

مەكت ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قادىرجان تۇرغۇن پۈتۈن زېھنىنى ياشلار خىزمىتىگە قارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، كۆزۈنەرلىك تۆھپە يارىتىپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتقان جۇشقۇن ياشلارنىڭ بىرى.

ئۇ 1990 - يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شۇ يىلى ناھىيە بازىرىغا 30نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىلئاۋات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىندى.

1991 - يىلى 7 - ئايدا، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار مەكتەپنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىگە يېقىندىن ماسلىشىپ كېلىۋاتقان قادىرجاننى خەنزۇ تىلى ئاساسىنىڭ بىر قەدەر پۇختىلىقى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى تەشكىللەشتىكى جۇشقۇنلۇقىغا ئاساسەن ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا يۆتكەپ كەلدى.

ئوقۇتقۇچىلىق قىلغىنىغا بىر يىلمۇ بولمىغان قادىرجانغا نىسبەتەن، دەسلەپتە بۇ يېڭى خىزمەت ئورنىدىكى بەزى ئىشلارنى يۈرۈشتۈرۈپ كېتىش ئاسانغىمۇ چۈشمىدى، لېكىن ئۇ ياشلارغا خاس جاسارەت بىلەن خىزمەتكە چۈشكەن كۈندىن باشلاپ، ئەستايىدىل ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، نۆۋەتتە ئورغۇن ياشلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن توغرا يېتەكلەشكە، ئىلھام بېرىشكە موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇ ئالاقىدار رەھبەرلەرگە پۈتۈن ناھىيىنىڭ ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش- تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل- چارىسىنى تېپىپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ - پىكىر بەردى. بىراق، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەشكە قاتناش قورالى بولمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ياخشىلىرىنى ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاش ئىشلىرى خېلى كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلغاندىن باشقا، ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىلاتتى. ئۇ ئاخىرى يۇقىرى - تۆۋەنگە بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، ناھىيە بويىچە خېلى كۆپ ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا 300مودىن ئارتۇق خىراجەت ئېتىزى ھەل قىلىپبەردى ۋە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بۇ خىزمەتنى تاماملاپ، نەتىجىسىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللىدى. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى ۋە شۇ يىلى ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا ئاساسىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولۇشنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن قادىرجان ئۆزىنىڭ ئوتتەك ئىشتىياقى ۋە ئارزۇسى، تەشكىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 1993- يىلى بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى جارى قىلدۇرغاچقا، مەكتەپ مەمۇرىيىتى تەرىپىدىن ئۇدا «3تە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالاندى ۋە شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى.

1994 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 12 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ئۇ سايلام ئارقىلىق ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. سايلام مەزگىلىدە بەزىلەر ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىتنىڭ ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ سايلانغانلىقىغا راستىنلا ھەيران قالدى. لېكىن تەشكىل، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كادىرلىرى ۋە كۆپ ساندىكى ياشلار ئۇنىڭ خىزمەت جەريانىدىكى غەيرەت - شىجائىتى، ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلىدى.

قادىرجان ناھىيىنىڭ «2 مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىتتىپاق كومىتېتىدىكى بىر بەن ئادەمنى ياخشى يېتەكلەپ ۋە تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتتى، 30دىن ئارتۇق ئىتتىپاق تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سالدى. ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلالمىغان 3 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئالماشتۇردى، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى پىلانلىق تەربىيىلىدى. ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاپ ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىقىغا ئۆستۈردى. ئىتتىپاققا ۋە پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

ئۇ يەنە ناھىيە بويىچە «3نى سۆيۈش»، «ئۆزئارا ياردەم بېرىش»، «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش»، «ياش پىدائىيلار ھەرىكىتى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، 20 نەچچە ئورۇندا «خالىسانە خىزمەت قىلىش گۇرۇپپىسى»، 50ئورۇندا «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش» گۇرۇپپىسى، 15ئورۇندا «نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش» گۇرۇپپىسى قۇردى. بۇنىڭغا 5000دىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسى ۋە ياش قاتنىشىپ، 1400ئادەم (قېتىم)گە ئۇللىقلىق يەتكۈزدى. ئالدىنقى يىلى قانات يايدۇرۇلغان «ياشلار پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، بېيىش ماھىرلىرىدىن بولۇش» پائالىيىتىگە 6000غا يېقىن ياش ۋە ئىتتىپاق ئەزاسى قاتناشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا 75نەپەر ياش ناھىيە ۋە ۋىلايەت تەرىپىدىن «بېيىش ماھىرى» بولۇپ تەقدىرلەنگەندىن باشقا، بىر نەپەر ياش ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «كۆزگە كۆرۈنگەن 10دېھقان، چارۋىچى ياش» نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ، يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، كۆپ قېتىم ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن «ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس»، «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى. ئۆتكەن يىل ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولدى. ئىتتىپاق كومىتېتىمۇ 1994 - يىلدىن باشلاپ ئۇدا ھەر يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەرىپىدىن «ياشلار خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ تەقدىرلەنگەندىن سىرت، 1996 - يىلى ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، كۆكەرتىش كومىتېتى ۋە ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن: «ياشلار كۆكەرتىش بازا قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى.(04)

# ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ

# ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

★ گۈلنقارى قەيۇم ★

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى تولۇق - تاشقان ئىشەنچ بىلەن، 21 - ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا چاقىردى. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۇلۇغۋار نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر بارلىق بايلىق ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بايلىق بىلىم ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى، بارلىق كاپىتال ئىچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك كاپىتالمۇ بىلىم ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ رىقابىتى ماھىيەتتە ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ رىقابىتى ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى تونۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويۇلغان تەلەپمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارماقتا. شۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، جەمئىيەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىق رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىختىساس ئىگىلىرىدۇر.

شۇڭا، كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقان ھازىرقى رىقابەت دەۋرىدە ئىختىساس ئىگىلىرى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:



**1. تەۋەككۈلچىلىك روھى.** بازار رىقابىتىدە، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن خېيىم - خەتەر تەڭ مەۋجۇت. پەقەت خېيىم - خەتەردىن قورقمايدىغان كىشىلەرلا غەلىبە مېۋىسىنى تېتىيالايدۇ. شۇڭا ئىختىساس ئىگىلىرىدە ئالدى بىلەن جاسارەت ۋە غەيرەت بولۇشى، تەۋەككۈل قىلىشقا جۈرئەت بولۇشى كېرەك.

**2. ئۇچقۇر ئىدىيە.** بازار — مۇقىم، ئۆزگەرمەيدىغان، تىنچ ھالەت سىستېمىسى بولماستىن، بەلكى كۆپ خىل ئامىللار ئۆزئارا چەكلەپ

تۇرىدىغان، كۆپ خىل تەسىرلەر ئۆزئارا رول ئوينايدىغان سىرلىق ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىدىكى ھالەت سىستېمىسىدۇر. ئۇنىڭ ھالەت ئىسپادىسىنىڭ كېنى ئۇچۇردۇر. مانا بۇ رىقابەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىشتا ئۇچۇر ئىگىلەشكە، ئۇچۇر پىششىقلاپ ئىشلەشكە، ئۇچۇرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشنى، ئۇچۇر ئېگى بولۇشنى بەلگىلىگەن.

**3. سىناپ كۆرۈش خاراكتېرى.** نۆۋەتتىكى كەسكىن رىقابەت دەۋرىدە كىشىلەر ھەر كۈنى يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، ھەممە يەردە تاللاشقا يولۇقىۋاتىدۇ، شۇڭا «سىناپ كۆرۈش خاراكتېرى»بولمىسا، ئۇنىڭغا ماسلىشالمايدۇ.

**4. كرىزىس ئېڭى.** «غەم - ئەندىشە تۇيغۇسى بولغاندا خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولىدۇ»، رىقابەتچىلەر بىر خىل «كرىزىس تۇيغۇسى»نى ساقلاپ قالغاندىلا ئاندىن پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. ئېلىمىزدە ئۇزاقتىن بۇيان «چوڭ قازاننىڭ تامىقى»نى يېيىش كىشىلەردە بىر خىل «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى»نى پەيدا قىلدى. ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشتا بۇنداق «بىخەتەرلىك تۇيغۇسى»نى ئاگاھلىق بىلەن تۈگىتىپ، «كرىزىس ئېڭى»نى تىكلىشى لازىم.

**5. بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش پسىخىكىسى.** ئەگەر رىقابەتتە «بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش پسىخىكىسى» كەمچىل بولسا، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، مەغلۇبىيەتنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىختىساس ئىگىلىرى رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشى، ئاگاھلىق بىلەن ئوڭۇشسىزلىقتىن، مەغلۇبىيەتتىن قورقمايدىغان «بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش پسىخىكىسى»نى ئۆزلۈكىدىن يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

**6. ئۇنۇم كۆز قارىشى.** «ۋاقىت ئالتۇن دېمەكتۇر، ئۇنۇم ھايات دېمەكتۇر» دېگەن سۆزلەر ھەربىر رىقابەتچىنىڭ قىبلىنامىسىگە ئايلىنىپ قالدى. رىقابەتكە قاتنىشىش ھەم رىقابەت جەريانىدا غەلىبە قىلىشتا ۋاقىت كۆز قارىشى ۋە ئۇنۇم كۆز قارىشى بولۇشى كېرەك. مانا بۇلار رىقابەتچىلەرنىڭ بازار رىقابىتىدە ئىنكاسى چاققان بولۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ يېڭى ئۇچۇرنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە بازارغا سېلىنىشى جەھەتلەردە بىر قەدەر چاققانراق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**7. مەنپەئەت پرىنسىپى.** مەنپەئەت بولمىسا رىقابەتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەگەر پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ پايدا ئالسا، جەمئىيەتكە زىيان بولۇپلا قالماي رىقابەتتە ۋىجدانىنى يوقىتىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رىقابەتتە توغرا مەنپەئەت پرىنسىپىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.

**8. پەرقلەرنى ئىزدەش تەپەككۇرى.** «باشقىلار ئويلىمىغاننى ئويلاش، باشقىلار ئويلىغاندىن بۇرۇن ئويلاش»، بۇ بازار رىقابىتىدە غەلىبە قىلىش پرىنسىپى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشقىلار ئويلىمىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

**9. ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى.** رىقابەت مۇھىتى تولىمۇ كۆپ، رىتىمى تېز، ئۆزگىرىشچان سىستېما. رىقابەتچىلەردە ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشچان بولۇۋاتقان بازار رىقابىتىدە، رىقابەتچىلەر كالىلىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تېزدىن ئىگىلەپ، بازار تەرەققىياتى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بازار ئېچىپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. (04)

# ياخشى تەدبىر، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم

★ سەمەت سالى ★

مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى 1995 - يىلى «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى 10 كەنتنى «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش» بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىپ بېكىتكەندى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 نەپەر مۇئاۋىن شۇجىسى بىلەن 1 نەپەر مۇئاۋىن ھاكىمى مەسئۇللۇقىدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋە ئالاقىدار خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش»قا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. بۇ كەنتلەرگە تەلەپ بويىچە «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش سىناق نۇقتىسى» دەپ ۋىۋىسكا ئاستى. ناھىيىلىك پارتكوم يەنە بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش يۈزىسىدىن «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىنى كۈچەيتىش»، «پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەش»، «ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش» قاتارلىق مەزمۇنلاردا مەخسۇس ھۆججەت تارقىتىپ، زۆرۈر ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش»نى بېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ئامراتلىقتىن قۇتۇلۇش، ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم تۈر قاتارىغا قويدى. بۇ 3 يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش»نىڭ تەلىپى بويىچە ئاساس قاتلام تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئارقىدا قالغان ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ۋە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىپ، ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە «3 يىغىن، 1 دەرس» تۈزۈمىنى قايتىدىن جانلاندۇردى. پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان 2 يېزا ئىتتىپاق كومىتېتىنى ۋە 32 كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنى تەرتىپكە سالدى. 1 نەپەر لاياقەتسىز ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسىنى، 17 نەپەر لاياقەتسىز ئىتتىپاق ياچېيكىسى شۇجىسىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ساپاسى يۇقىرى ياشلارنى سەپلىدى. 3749 نەپەر ياش يېڭىدىن ئىتتىپاق ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئىتتىپاق ئەزاسى 6402 نەپەرگە يەتتى. ئومۇمىي ئىتتىپاق ئەزاسىنىڭ ياشلار ئارىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەسلىدىكى %17تىن %24گە كۆتۈرۈلدى. 105 كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ھەممىسىدە جەمئىي 517 مو خىراجەت ئېتىزى، 305 مو خىراجەت ئورمىنى، 2 چارۋىچىلىق



كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىدا 27تۈياق خىراجەت چارۋىسى بار بولدى.21كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى «ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئىتتىپاق ياچېيكىسى» ئۆلچىمىگە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى يېزا، كەنتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرىنى تولۇقلاشتا ئىتتىپاق كادىرلىرى ئارىسىدىن تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىرىدىن 6 نەپەر كىشىنى يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قىلىپ ئۆستۈردى. كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرىدىن 73نەپەر كىشى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى، كەنت باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. ئاقيار، ئاچتاغ قاتارلىق 4 يېزا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتى ئارقىلىق ئىتتىپاق قۇرۇلۇشىنى نىشانلىق باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئاۋۋال ئىشلەپ، 100 نومۇرلۇق سىناشنى ئەمەلىيلەشتۈردى. «10 مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش»نىڭ 3تۈرلۈك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ 8 تۈرلۈك ئۆلچەمگە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا «ئىتتىپاق ئەزاسى بولمىغان ياشلارنى پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلماسلىق، ئىتتىپاق تەشكىلى تونۇشتۇرمىسا پارتىيىگە تونۇشتۇرۇش ئوبيېكتى قىلماسلىق، ئىتتىپاق ئەزالىق ستاژى بىر يىلغا توشمىسا پارتىيىگە قوبۇللاش ئوبيېكتى قىلماسلىق»تىن ئىبارەت 3كە رۇخسەت قىلماسلىق چارىسىنى بەلگىلەپ، نىشانلىق ھالدا تەربىيىلەش ئارقىلىق مەدەنىيەت ۋە سىياسىي ساپاسى يۇقىرى بولغان 319 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسىنى پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى.

ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ياردەم بەرگەندىن باشقا، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئىدارە - ئورۇن، كارخانا، مەكتەپ ۋە بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرىنى خالىسانە ھالدا «10مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش» بويىچە كەنتلەرگە ياردەم بېرىشكە قوزغىتىپ، نۆۋەتلىك كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىغا 170دورا چېچىش ماشىنىسى، 600كىلوگرام دېھقانچىلىق دورىسى، 80خالتا خىمىيىۋى ئوغۇت، 10مىڭ پارچىدىن ئارتۇق پەن- مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىك پەن- تېخنىكىسى كىتابلىرى، 32دانە تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان يېزا، كەنتلەر ئۈچۈن 11مىڭ 614يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى. سودا - سانائەت بانكىسى قاتارلىق بىر قىسىم ئورۇنلار ئوقۇشىنى قىلىش ئالدىدا تۇرغان 45نەپەر بالىنىڭ 5 يىللىق ئوقۇش راسخوتىنى ئۈستىگە ئالدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت، قانۇن، پۇل مۇئامىلە، مالىيە، باج تارماقلىرى «10مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش» بويىچە نۇقتا قىلىنغان كەنتلەرنىڭ «ئۈمىد كىتاب ئامبىرى»قۇرۇلۇشىغا 5200 پارچە كىتاب ياردەم قىلدى. نۇقتا قىلىنمىغان 38 كەنتتىمۇ «ئۈمىد كىتاب ئامبىرى» قۇرۇلۇپ كىتاب تۈرى 300خىلغا، سانى 1100پارچىغا يەتتى. ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يەنە «10مىڭ كەنتكە مۇلازىمەت قىلىش» پائالىيىتى داۋامىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە «ئەسىر ھالقىيدىغان ياش ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش، «ياش ئۈچقۇن باشلامچىلىرىنى تەربىيىلەش»نىڭ 5 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ، يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا مەكتەپلىرىدە 169قارار كۇرس ئېچىپ 27مىڭ نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسىنى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى بويىچە بىر قېتىمدىن تەربىيىلىدى. ئۆتكەن 1 يىل ئىچىدىلا ناھىيىدە 4 قارار، يېزا، كەنتلەردە 3قاراردىن 5 قارارغىچە كۇرس ئېچىپ 25 مىڭدىن ئارتۇق ئىتتىپاق ئەزاسىنى مەركەزلىك تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار ھۆججەتلەردىكى مەزمۇنلار ئاساسىدا تەربىيىلىدى. «1 - ماي»، «4 - ماي»، «1 - ئىيۇل» قاتارلىق بايرام ۋە خاتىرىلەش كۈنلىرىدە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە نۇتۇق سۆزلەش، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.(04)

(لەرشىدىن توختى فوتوسى)

## ياشامدۇق، ياشىمامدۇق

**6** 199 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى («يەر شارى كۈنى») بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت پىلان مەھكىمىسى ئېلان قىلغان دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىياتى يەر شارى مۇھىتىدىكى مۇنداق بىرقانچە مەسىلىگە دۇچ كېلىۋېتىپتۇ.

**1. ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى.** يەر شارىدا ھەر يىلى ئاتموسفېراغا قويۇپ بېرىلىۋاتقان $CO_2$ (كاربون IV ئوكسىد. بۇ خىل گاز ھازىرقى يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى) 8مىليارد 200 مىليون توننا، $SO_x$ (ئوكسىدلانغان گۈڭگۈرت. بۇ خىل گاز ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ يامغۇر ياغقاندا سۇ بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ كىسلاتا ھاسىل قىلىپ، يەرگە يامغۇر بىلەن بىللە چۈشىدۇ، قاتتىق جىسىملارنى يۇمشىتىۋېتەلەيدۇ. زىرائەتلەرگە چۈشسە كېسەل پەيدا قىلىدۇ) 9 مىليون 900 مىڭ توننا، $NO_x$ (ئازوت ئوكسىد. بۇمۇ بىر خىل گاز بولۇپ، ئۇنىڭ زىيىنى $SO_x$ تىن قېلىشمايدۇ) ئىنسانلارنىڭ مۇنداق «تەسىر»لەرگە مۇئەييەن چەك قويماستىن كېرەكسىز گاز، كېرەكسىز قاتتىق جىسىملارنى بوشلۇققا قويۇپ بېرىشى، ئاتموسفېرانى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىياسىغا قارىغاندا، ھازىر يەر شارىدىكى تەخمىنەن 900 مىليوندىن كۆپرەك كىشى سالامەتلىككە پايدىسىز ھاۋادىن نەپەسلىنىۋېتىپتۇ.

**2. پارنىكلىق تەسىر** (كېرەكسىز گازلار يەر شارىنى ئوراۋېلىپ كۆرسەتكەن تەسىرى). يەر شارىدىكى پارنىكلىق تەسىرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇھىت تېمپېراتۇرىسى ۋە يامغۇر مىقدارى جەھەتلەردە ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. پارنىكلىق تەسىرنىڭ ئېغىرلىشىشى ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دوكلاتلاردا ئېيتىلىشىچە، 2100 - يىلغا بارغاندا يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش دەرىجىسى سېلسىيە 1 - 3 گرادۇسقىچە بولۇپ، دېڭىز يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى تەخمىنەن 15 - 90 سانتىمېتىرغىچە بولىدىكەن، ئەگەر دېڭىز يۈزى 48سانتىمېتىر كۆتۈرۈلسە، 9 مىليون ئادەم دېڭىز يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن كېلىپ چىقىدىغان خەۋپكە بىۋاسىتە ئۇچرايدىكەن.

**3. ئوزون قاتلىمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.** ئوزون قاتلىمى - قۇياش نۇرلىرىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇرلارنىڭ يەر شارىغا چۈشۈشىنى توسايدۇ. ئۇلترا بىنەپشە نۇرلار ئادەملەر، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىسىگە زىيانلىق. ئۇلترا بىنەپشە نۇرلار ئادەم بەدىنىگە چۈشسە ئاسانلا تېرە راكىنى پەيدا قىلىدۇ.



**4. تۇپراقنىڭ ناچارلىشىشى ۋە چۆللىشىپ كېتىشى.** يەرنى ئارام ئالغۇزماي تېرىۋېرىش، ئورمانلىقلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىتىش قاتارلىقلار تېرىلغۇ سۇپىتىنىڭ ناچارلىشىشى ۋە چۆللىشىپ كېتىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. پۈتۈن يەر شارىدا ھەر يىلى نەچچە مىليون گېكتار يەر شورلىشىپ ۋە چۆللىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

**5. تاتلىق سۇ بايلىقلىرىنىڭ بۇلغىنىشى.** پۈتۈن يەر شارىدىكى ئېغىر دەرىجىدە سۇ يېتىشمەيدىغان رايونلار قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ % 60 ىنى ئىگىلەيدۇ، 1مىليارد 700مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىغان سۈيى يېتىشمەيدۇ. يەر شارىدا تەخمىنەن 250مىليون ئادەم بۇلغانغان سۇنى ئىستېمال قىلغاچقا كېسەل بولۇۋاتىدۇ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچىملىك سۇ ئامبىرى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بايقال كۆلى، سانائەتتىكى كېرەكسىز سۇ، تاشلاندۇقلارنىڭ ئېقىپ كىرىشى ۋە يېزا ئىگىلىك دورىلىرى، خىمىيىلىك ئوغۇتلارنى نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپلا قالماي، يەر ئاستىدىكى سۇ بايلىقلىرىمۇ بۇلغانماقتا.

**6. «يېشىل توساق»نىڭ جىددىي ئازلاپ كېتىشى.** ھەر يىلى ئازلاپ كېتىۋاتقان تىروپىك بەلۋاغ ئورمانلىرىنىڭ كۆلىمى 1 مىليون 700مىڭ گېكتار، بۇ ئومۇمىي كۆلەمنىڭ تەخمىنەن 0.9 ىنى ئىگىلەيدۇ، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە كارايىب دېڭىزى ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئېكۋاتور ئورمانلىرى يوقاپ كېتەيلا دەپ قالدى.

ئەگەر يەر شارىدا ئورمانلىقلار بولمىسا،% 91 جانلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى بولمايدۇ. 4مىليون 500 مىڭ جانلىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ، يەر شارىدىكى % 70 تاتلىق سۇ ئۇدۇللا دېڭىزغا قويۇلۇپ كېتىدۇ، ئىنسانلار زور كرىزىسقا دۇچ كېلىدۇ.

**7. جانلىقلار نەسلىنىڭ ئۈزلۈكسىز يوقىلىشى.** نۆۋەتتە، يەر شارىدا ھەر كۈنى 100دىن ئارتۇق جانلىق يوقىلىۋاتىدۇ. % 50ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇقلۇق كۆلىمىنىڭ پەقەت % 7ىنى ئىگىلەيدىغان ئېكۋاتور رايونلىرىدا ياشاۋاتىدۇ، ئورمانلىقلارنىڭ ئازلاپ كېتىشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكى سەۋەبىدىن، بەزى ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ «ئارامگاھ»لىرى يوقاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچراۋاتىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، 10 ـ % 20كىچە جانلىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ.

**8. ئەخلەتنىڭ ئاپەتكە ئايلىنىشى.** خەلقئارا مۇھىت ئاسراش تەشكىلاتىنىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، يەر شارىدا ھەر يىلى پەيدا بولىدىغان، يەر شارىدا ھەر يىلى يىغىلىدىن كۆپىيىۋاتقان ئەخلەت 10مىليارد توننا. نۆۋەتتە ئۈچتىن بىر قىسىم شەھەرنى ئەخلەتلەر بۇلغىۋەتتى. بۇ ئەخلەتلەر ئادەتتە دۆۋىلەپ قويۇلىدۇ، كۆمۈلىدۇ ياكى كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتموسفېرا، سۇ مەنبەلىرى ۋە مۇنبەت تۇپراقلار ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ.

**9. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى.** نۆۋەتتە، پۈتۈن دۇنيا نوپۇسى 5 مىليارد 600مىليونغا يەتتى، 2010 ـ يىلغا بارغاندا دۇنيا نوپۇسى 7مىلياردقا، 2050 ـ يىلى 10 مىلياردقا يېتىدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 2800ـ يىلغا بارغاندا قۇرۇقلۇقنىڭ ھەر 40كۋادرات مېتىر ئارىلىققا بىر ئادەم توغرا كېلىدۇ؛ 4300 ـ يىلغا بارغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي بەدەن ئېغىرلىقى يەر شارىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ھازىرغا قەدەر، ئىنسانلار باشقا پلانېتلاردىن ھاياتلىقنىڭ بارلىقىنى بايقىيالمىدى، ئىنسانلار ياشاشقا بولىدىغان يەر شارىدىن باشقا جاينىمۇ تاپالمىدى، شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تەرەققىياتى يەنىلا يەر شارىغا تايانمىسا بولمايدۇ.(07)

(«جۇڭگو پاتېنت»گېزىتىنىڭ 1997 ـ يىل 28 ـ ئىيۇل سانىدىن ئەنۋەر تۇرسۇن . ت)

# گۈلگە پۈركەلسۇن ھايات

★ قەيسەر . س، ئاينۇر م، خالىسەم . پ ★

گ ـۈلنى ئـۇلۇغلاش، گۈلگە ئىخلاس قىلىش بىزدە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن گۈزەل ئەنئەنە. ئۇ ھېلىغىچە تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر تـەرىپى بولۇپ كەلمەكتە. ئەپسۇس، ھاياتىمىزغا سىغدۇرۇلۇپ كىـرگەن ماددىي مەنپەئەتپەرەسلىك، پۇل ئېتىقادچىلىقى ۋە پۇلنى، ماددىي بايلىقنى ئاساس قىلغان ئۆزگىچە قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق كرىزىسى تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەرىپى بولمىش مەنىۋى تۇرمۇشىمىزدا سوغۇق ئېقىم پەيدا قىلدى. جۈملىدىن گۈلنىڭ خاسىيىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ مىللىي ھاياتىمىزدىكى ئورنى نىسبى تۆۋەنلىدى. بىراق، دەل مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەردە گۈلنى ئۇلۇغلاش ۋە گـۈلـنـى ھـۆرمەتنىڭ، كۆڭۈلنىڭ بەلگىسى قىلغان يېڭى كەيپىيات بىخ ئۇرۇشقا باشلاپ مەخسۇس گۈل سېتىلىدىغان ئـورۇنلار، گـۈل ئۆستۈرۈش كەسپى، گۈل سېتىۋالغۇچىلار كۆنسايىن كۆپەيدى. زامانىۋىلىشىش، مەدەنىيەتلىشىش بىلەن بىـرگـە بارلىققا كەلگەن بۇنداق 2 خىل ئەندىزە، 2 خىل خـاھـىش قايسى يۆلىنىش بىلەن يەكۈنلىنىدۇ؟ بەرھەقكى، خەلق ئەڭ ئادىل باھالىغۇچى، ئەڭ ئاقىلانە يولنى، ئەڭ دانە ئـۇسـۇلنى ئۇ ئۆزى تاللىۋالىدۇ. تۆۋەندىكى ئاددىي يېزىلما ئـوقـۇرمـەنلـىرـىمـىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى ئىلگىرىلەش، يـۈكسـىلـىشـكـە ئـۆزىـەك، ئۈلگە بولۇپ قالسا ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنىشقا، قۇتلۇقلاشقا ئېگىشلىك ئىش بولغان بولاتتى.

— مۇھەررىردىن

گۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. خەلقىمىز ئەلمىساقتىن تارتىپلا ھويلا - ئارام، بـاغلاردا ھەر خىل خۇشپۇراق گۈللەرنى ئۆستۈرۈپ كەلگەن. خوتۇن - قىزلىرىمىز چـىرايلىـق قـىزىلگۈللەرنى قۇلىقىغا ۋە چاچلىرىغا قىستۇرۇپ، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۇچىسىغا ھەر خىل گۈللەرنىڭ نۇسخىسى چـۈشۈرۈلگەن گۈللۈك كۆڭلەكلەرنى كـيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈلگە بولغان ئـەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك، نەققاشلىق، قول ھۈنەر - سەنئىتىدىمۇ تولۇق نامايان بولغان. ئۇيغۇرلار دوپپا ۋە ياغلىقنىڭ بۇرجەكلىرىگە پورەكلەپ ئېـچـىـلـىۋاتقان رەڭدار چېچەكلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى كەشتىلەشتىن باشقا، ئۆي - ئىمارەتتىڭ تاملىرى ۋە پېشايۋانلىرىغا، تۈۋرۈك، ئويۇق، تەكچىلەرگە ۋە ساندۇق قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىغا كۆركەم گۈل نـۇسخـىلـىرـىنى ئويىدۇ ۋە سىزىدۇ. ئـۇيغـۇرلارنىڭ «گۈل» قوشۇمچىسى



بىلەن تۇرلىنىدىغان ئىسمى خەلقىمىز ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئىسىملارنىڭ % 40نى ئىگىلەيدۇ.

خەلقىمىزنىڭ گۈلنى ئۇلۇغلاش، گۈلگە ئەقىدە قىلىش گۈزەل ئەنئەنىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم شەھەر ــ بازارلىرىدا قايتىدىن ئەۋج ئالغاندەك قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر ياخشى يۈزلىنىش. بىز بۇ خىل ياخشى كەيپىياتنى بىلىپ بېقىش، خەلقنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە ئۈرۈمچىكى بىر قىسىم گۈل دۇكانلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. ئىگىلىشىمىزچە، ھازىر گۈللەرنىڭ بىر تېلى ئەڭ تۆۋىنى 3 يۈەنگە، ئەڭ قىممەتلىرى 30يۈەنگە سېتىلىدىكەن. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەن يولىغا جايلاشقان «زىلالە گۈلخانىسى»نىڭ خوجايىنى زەينەپ خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ئۈرۈمچىلىكلەر تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلىگەندە كېيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، پېچىنە- پىرەنىك ۋە ھەر تۈرلۈك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلىشىدىكەن. ھازىر بولسا خۇشپۇراق گۈللەرنى سوۋغا قىلىدىغان بولغان. بىز بۇ دۇكاندا سوفىيە ئىسىملىك بىر خېرىدارنى ئۇچراتتۇق، ئۇ 50 يۈەنلىك گۈل سېتىۋالدى. بىز ئۇنىڭدىن بۇ گۈللەرنى كىمگە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا ئۇ بىزگە قىزىنىڭ 18ياشقا تولغان كۈنىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، يىراقتىكى مومىسى ۋە بوۋىسىمۇ نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ گۈل ئەۋەتكەن. ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىغا جايلاشقان «يېڭى زىلالە گۈلخانىسى» دىكى گۈل ساتقۇچى قىز گۈلجامالنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئۈرۈمچىدىكى قىز ـ يىگىتلەر توي قىلغاندا مەيدىسىگە ئىلگىرىكىدەك سۈنئىي گۈل تاقىماي ساپ، تەبىئىي، خۇشپۇراق گۈل تاقىشىدىغان بولغان. قىز كۆچۈرۈش ئاپتوموبىللىرىمۇ تەبىئىي گۈل بىلەن بېزىلىدىغان بولغان. زەينەپ خانىم مۇنداق دېدى: «ھازىر كىشىلەر تويغا پۇل قوشۇشتىن باشقا، يەنە گۈل سوۋغا قىلىشىدىغانمۇ بولدى. بۇنىڭدىن باشقا توي كۈنىنىڭ ئەتىسى قىز ـ يىگىت ئاتا- ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارغاندا ئېلىپ بارىدىغىنى يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىم ـ كېچەك بولماستىن ياكى ئۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن كۆڭۈل ھەمراھى بولغان گۈل بولۇۋاتىدۇ».

ئىنساننىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشىنى ھاياتلىقنىڭ باشلىنىشى دېسەك، ئۆلۈمنى ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى بېكىتى دېيىشكە بولىدۇ. گۈلجامالنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراقلاردىمۇ گۈل ئىشلىتىلىۋېتىپتۇ، بەزىلەر تاۋۇتنىمۇ خۇشپۇراق گۈل بىلەن بېزىگەن. يەنە بەزىلەر، قايغۇ ھەسرىتىنى ئۆلگۈچىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا خۇشپۇراق گۈللەرنى تىزىش ئارقىلىق ئىپادىلەشكەن. دېمەك، گۈل نەقەدەر ئۇلۇغ نەرسە ـ ھە!

گۈل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەتلەر بىلەن تۇتاشتۇردى. ناخشا- ئۇسسۇل چولپانلىرىغا چوقۇنغۇچىلار- نىڭ ئارتىسلارغا گۈل تەقدىم قىلىشى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولماقتا. زەينەپ خانىم بىزگە مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر ئادىل مىجىت، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار مەخسۇس سەنئەت كېچىلىكى

ئۆتكۈزگەندە زوقمەنلەر گۈلدەستىلەرنى سېتىۋېلىپ چولپانلارغا كۆككۈل ئىزهار قىلىشتى. ئادىل مىجىت ئېيتوت كېچىلىكى ئۆتكۈزگەن كۈنى دۇكىنىمىز نەچچە رەت گۈل كىرگۈزۈپمۇ خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. شۇ كۈنى دۇكىنىمىزدا گۈل سېتىلىپ 1000يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىندى».

گۈلجامال مۇنداق دېدى: «كىچىك چاغلىرىمىزدا ‹ ئانىلار بايرىمى› ، ‹ ئاتىلار بايرىمى› ، ‹ ئاشىق - مەشۇقلار بايرىمى›-دېگەنلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق. هازىر ياشلار بۇ بايراملارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپلەپ گۈل سېتىۋالىدىغان بولدى. ھەتتا روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلاردىمۇ كۆپلەپ گۈل سېتىۋېلىشىۋاتىدۇ. بۇ يىل روزا ھېيتنىڭ 2 - كۈنى دۇكىنىمىزدا گۈل قالماي، ئامالسىز دۇكاننى تاقاشقا مەجبۇرى بولدۇق».

ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى مۇھىم بايراملارنىڭ بىرى. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ بايرامدىن پايدىلىنىپ ئۇستازلىرىغا رەھمەت تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈشمەكتە. زەينەپ خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، هازىر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئۇستازلىرىغا گۈل تەقدىم قىلىدىغان بولدى. 17- ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەلۇم ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىگە گۈل تەقدىم قىلغانلىقىدىن بەكمۇ مىننەتدار بولغان. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ گۈل تەقدىم قىلغىنىدىن مەن ئالەمچە خۇش بولدۇم» دېدى.

گۈل كۆڭۈل سوۋغىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىمارلارغىمۇ تەسەللىي بەرمەكتە. زەينەپ خانىم مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى كىشىلەر كېسەل يوقلىغاندا بىمارلارغا يېمەك - ئىچمەك ئېلىپ باراتتى. بۇنداق سوۋغىلارنى بىمارلار دەرھاللا ئىستېمال قىلىشقا ئامالسىز قالغاچقا ئاسانلا ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقاتتى. هازىر كىشىلەر بىمارلارغا گۈل سوۋغاقىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىگە روھىي مەلھەم بولىدىغان بولدى».

بىز گۈل دۇكانلىرى خوجايىنلىرىدىن جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك گۈل سېتىۋالىدىغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ بىردەك ھالدا، ئۇلار ئاساسەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى كىشىلەر يەنى پروفېسسور، ئاسپىرانت، ئوقۇتقۇچى ۋە ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، شۇنىڭدەك سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپلەپ گۈل سېتىۋالىدىغانلىقىنى، پۇلى بار، ئەمما مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىغان تىجارەتچىلەرنىڭ گۈل سېتىۋالىدىغانلىرىنى ئۇچراتمىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەك، گۈل سوۋغا قىلىش يەنىلا مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ «پاتېنتى» بولۇپ قالغان.

بەخت قايىنىمىغا چۆكۈپ، خۇشاللىق تەبەسسۇملىرى چېھرىڭىزدە جىلۋە قىلغان ۋاقىتتا ۋە ياكى بېشىڭىزغا كەلگەن قايغۇ - ھەسرەتتىن ئازابلىنىپ چوڭقۇر ئويلارغا چۆمگەن ۋاقتىڭىزدا، باشقىلار بىلەن سىرداش بولغىڭىز كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان سەممىي سۆزلىرى ۋە تۈرلۈك سوۋغا-سالاملىرى ئىچىدە سىزنى ۋە بىزنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان بىر ئەھمىيەتلىك سوۋغا بار. ئۇ نېمە؟ ئۇ — گۈل.

گۈل ئەڭ گۈزەل نەرسە، ئۇ بىزگە بەخت ۋە شاد - خۇراملىق ئېلىپ كەلگۈسى!(06)

## كۈشكۈرتكۈچىنىڭ جاۋابكارلىقى قانداق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ؟

ئەشچى سەمەت «مەن كېسەل، دەم ئالىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆيىدە دېھقان قادىر بىلەن قىمار ئوينىغان. بۇ ئىشنى كەنت باشلىقى سېزىپ قېلىپ يېزىدىكى ساقچىخانىغا مەلۇم قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ساقچىلار دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئۇلار قىمار ئويناشتا ئىشلەتكەن بارلىق سايمان ۋە قىمار ئوينىغان 30 نەچچە يۈەن پۇلنى مۇسادىرە قىلغان ھەمدە ئىككىيلەننى تەكشۈرۈشنامە يېزىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈشكە بۇيرۇغان، سەمەت بۇ ئىشنى كەنت باشلىقى تېرىدى دەپ نارازى بولۇپ، ئاستىرتتىن ئەمەتنى بېرىپ كەنت باشلىقىنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويۇشقا كۈشكۈرتكەن، ئەتىسى ئەمەت ئېتىزدا ئەمگەك قىلىۋېتىپ قەستەن چاتاق چىقىرىپ كەنت باشلىقى بىلەن تۇتۇشقان ۋە كەنت باشلىقىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ يېتىم بارمىقىنى قايرىۋەتكەن. بۇنىڭغا دورا ھەققى ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇل كەتكەن، زەخملەنگەچكە كەنت باشلىقى 55 كۈن دەم ئالغان، ئىشقا قاتنىشالماسلىق ھەققى خېلى كۆپ بولۇپ كەتكەن، كەنت بۇ زىياننى تۆلەپ بېرىش ماجىراسىنى ھەل قىلغاندا، ئەمەت سەمەتنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كەنت باشلىقىنى زەخملەندۈرگەنلىكىنى تاپشۇرغان ۋە سەمەت بىلەن بىللە زىياننى تۆلەپ بېرىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەمەت ئۆزىنىڭ كەنت باشلىقىنى زەخملەندۈرۈش قىلمىشىدا بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ، زىياننى تۆلەپ بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشنى رەت قىلغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدا سەمەتنىڭ كەنت باشلىقىغا زىياننى تۆلەپ بېرىش جاۋابكارلىقى بولامدۇ؟

ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىن: **كۈرەش**

2 ۋە 2 دىن ئارتۇق قىلمىش سادىر قىلغۇچى بىرلىشىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتسا، بۇ ھەق تەلەپ قانۇنىدا باشقىلارنى بىرلىشىپ زىيانغا ئۇچرىتىش دېيىلىدۇ. باشقىلارنى بىرلىشىپ زىيانغا ئۇچرىتىش قىلمىشىنى سادىر قىلغانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى شەرت. باشقىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا سەۋەبچى بولغانلارغا كەلسەك، تۆلەيدىغان زىيان مىقدارى ھەرقايسىنىڭ خاتالىقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن نىسبەت بويىچە يۈكلىنىدۇ، كۈشكۈرتكۈچىمۇ باشقىلارغا بىرلىشىپ زىيانكەشلىك قىلغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۇچرىغان زىيانىنى بىۋاستە تۆلەپ بېرىش جاۋابكارلىقى بولىدۇ.

سىز بايان قىلغان ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، سەمەت بىلەن قادىر قىمار ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ساقچىخانا تەرىپىدىن قولغا چۈشكەن، سەمەت ئەھۋالنى مەلۇم قىلغانلارغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئەمەتنى بېرىپ كەنت باشلىقىنىڭ تاناۋىنى تارتىپ قويۇشقا ئاستىرتتىن كۈشكۈرتۈپ كەنت باشلىقىنىڭ ئوڭ قول يېتىم بارمىقىنى قايرىۋەتكەن، شۇڭا، سەمەت گەرچە كەنت باشلىقىنى بىۋاستە زىيانغا ئۇچراتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۈشكۈرتكۈچى، باشقىلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا بىۋاستە سەۋەبچى بولغان، ئەمەت بىلەن بىرلىشىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان، بۇ باشقىلارنى بىرلىشىپ زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەنت باشلىقى تارتقان بارلىق زىيان جۈملىدىن داۋالىنىش ھەققى، ئىشقا چىقالماي تارتقان زىياننىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىشى ھەمدە سەمەت بىلەن ئەمەت زىياننى تۆلەشتە ئورتاق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. (02)

# ئۆششۈك ھەرە ۋە بوۋاينىڭ يەكۈنى

★ لەخەت ھاشىم ★

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق كىچىككىنە بىر ۋەقە ئېسىمدىن زادىلا چىقمايدۇ.

كەچ كۈز كۈنلىرى ئىدى. خىزمەتدىشىم ئوسمان بىلەن ئىككىمىز تۇرپانغا بارغانىدۇق. ئۇنىڭ ئۈزۈق - تۈغقانلىرى داڭلىق ئۈزۈم ماكانى - بۈيلۇقتىكەن. ئىشلىرىمىزنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ تۇغقانلىرىنى يوقلىغاچ مېنى ئۈيىنتىپ كەلمەكچى بولۇپ بۈيلۇققا ئېلىپ باردى.

- يۈر، ئۈزۈم خامانلىرىنى، چۈنچىلەرنى كۆرۈپ كېلەيلى، - دېدى ئوسمان تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ۋە مېنى باشلاپ ماڭدى.

بىز ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئېگىز - پەس ئېتىز يوللىرى بىلەن ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يىراقتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان چۈنچىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چۈنچىنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ئادەم بويى دۆۋىلەنگەن قۇرۇق ئۈزۈمنى چۆرىدەپ بىر نەچچە ئايال، كىچىك بالا ۋە ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئۈزۈم دۆۋىسى ئارىسىدىن نېمىلەرنىدۇ ئىلغاپ ئالدىغا قويۇلغان كىچىك سېۋەتلەرگە سالاتتى.

- ئاشۇ پاراڭ سېلىۋاتقان بوۋاي مېنىڭ چوڭ ئاتام بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئاۋۇ تەرەپتە، قالغانلا ئۇنىڭ قىزلىرى، نەۋرە-چەۋرىلىرى، - ئوسمان كېتىپ بېرىپ ماڭا تونۇشتۇردى.

- ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

بىز قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئوسمان ئۇلارغا مېنى تونۇشتۇردى. ئاندىن ئۇ مەرۋايىتتەك سۈزۈك ئۈزۈملەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ:



- چوڭ ئاتا، ئۈزۈمىڭلار ئەجەپ پاكىز قۇرۇپتىغۇ؟- دېدى ۋە بوۋاينىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى، - قېرىغاندا ئۆيدە دېمىڭنى ئېلىپ ياتساڭ بولمامدۇ، بۇ ئىشلارنى باللار قىلالايتتىغۇ، خاتىرجەم بولالمايسەن - دە؟

- ھەي ئوغلۇم، ياتلاگەپ قىلىسەنغۇ؟ ئۆمۈربويى ئۈزۈم بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن چوڭ ئاتاڭ ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدىغان چاغدا ئۆيدە قانداق ياتالايدۇ؟ مېنى بۇ يەردە قانچىلىك ئىش قىلىپ بېرىدۇ دەيسەن؟ نەۋرە - چەۋرىلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىمەن شۇ. بوۋاي ماڭا قاراپ كۈلدى.

- توغرا دەيسىز، - دېدىم مەن ساغلام، تېتىك بوۋايغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ۋە سوراپ باقتىم، - بۇ يىل نەچچە ياشلارغا كىرگەنسىز بوۋا؟

- خۇدا خالىسا بۇ يىل 93كە كىردىم ئەپەندىم- ئاندىن ئۇ مېنى ئۈزۈم يېيىشكە تەكلىپ قىلدى.

مەن بۇ پاراڭچى بوۋاي بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ قالدىم. ئۇ قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسە پېشانەمگە «تارس» قىلىپ ئۇرۇلدى- دە، چىملا قىلىپ قالدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە يىڭنە تىققاندەك ئېچىشىپ تومپىيىپ ئىششىپ چىقتى.

- ۋۇي، سىزنى ئۇششۇك ھەرە چىققۇالدى جۇمۇ! - دېدى بوۋاي پېشانەمگە قاراپ، ئاندىن يېنىدىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئالدىراتتى، - چاققان بول بالام، ئاۋۇ ئېرىق بويىدىن ئازغىنا قارا پاتقاق ئېلىپ كەل، ئىتتىك بول! بالا كىچىككىنە لاي ئېلىپ كەلدى. بوۋاي ئۇنى پېشانەمدىكى ئىششىپ چىققان يەرگە سۇرتۇپ تۇرۇپ:

- قارا پاتقاق ئاغرىقنى باسىدۇ، - دېدى.

- ئۇششۇك ھەرە دېگەن بەك چىدىماس، رەھىمسىز نەرسە ئەپەندىم، - ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، - ئۇ ئۆلۈمى يېقىنلاشقانسېرى مەيلى ئادەم، مەيلى ئات - ئۇلاغ، مەيلى ياغاچ- تاش ياكى تام بولسۇن ھەممىلا نەرسىگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ، نەشتىرىنى بىر تىقىۋالمىغۇچە ھەرگىز ئارام تاپمايدۇ. ئۇششۇك ھەرە چاقسا كارايىتى چاغلىق، ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇششۇك ھەرىلەر چاقمىسىلا بولغىنى، - دېدىم مەن، - راستىنى ئېيتقاندا، ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇششۇك ھەرىلەر تېخىمۇ زەھەرلىك. ئۇيلاپ باقساق، تۇرمۇش دېگەن مۇرەككەپ بىر قاينامكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇشاللىقمۇ، قايغۇ - ھەسرەتمۇ، زىددىيەت - ئېلىشىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. ئادەملەرنىڭ دوستىمۇ، دۈشمىنى - كۈشەندىسىمۇ بولىدىكەن، مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇرمۇش مەنىلىك بولىدىكەن، ئۇششۇك ھەرىلەردىنمۇ خالىي بولالمايدىكەنمىز بوۋا.

- ئارى راست، بۇ ناھايىتى جايىدا گەپ بولدى، - بوۋاي مەمنۇنلۇق بىلەن توختىماي بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - چۈشەندىم، سىزنىڭ ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇششۇك ھەرە دېگىنىڭىز دەل ئاشۇ ھەسەتخور، دىلى بۇزۇقلار ئەمەسمۇ؟ بۇنداقلار ھەممىلا يەردە بار...

- دەرۋەقە ھەممىلا يەردە بار چوڭ ئاتا، - ئوسمانمۇ ھاياجانلىنىپ گەپ قىستۇردى، - ئۇنداقلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، لېكىن ئىش قىلىۋاتقانلارنى كۆرەلمەيدۇ. بىرەر ئىشتا نەتىجە قازىنىپ، خەلقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ ئۈستىدىن ھەرخىل پىتنە- ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ. كۆيدۈرگۈلۈك قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئالىقاچان ۋۇجۇدقا چىقىپ بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز ئاقاپ قېلىۋاتامدۇ، قابىلىيەتلىك ياخشى ئادەملىرىمىز چەتكە قېقىلىۋاتامدۇ؟

- ئوسماننىڭ دېگەنلىرى توغرا بوۋا، - دېدىم مەن ئۇنى قوللاپ. ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇششۇك ھەرىلەر بايا مېنى چاققان ئۇششۇك ھەرىگە قارىغاندا مىڭ ھەسسە رەزىل، زەھەرلىك.

- بىزدە: «تىغ يارىسى ساقىيار، دىل يارىسى ساقايماس» دېگەن گەپمۇ بار ئەمەسمۇ، ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇششۇك ھەرىلەر زەھەرلىك نەشتىرىنى دەل ئاشۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ دىلىغا ئۇرىدۇ دەڭا، ئەپەندىم؟

بىز ئۇششۇك ھەرە توغرىسىدا يەنە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ يەنە ماڭا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

- شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە كەلگەندە بۇ قارا يۈزئۇششۇك ھەرە سىزگىمۇ زەھرىنى تىقىۋالدى، ئەپەندىم، ئۇ سىزنى چاقمىغان بولسا، بۈگۈن بىز ئۇششۇك ھەرە توغرىسىدا بۇنچە ئۇبدان پاراڭ قىلىشالمىغان بولاتتۇق. لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەيلى سىزنى چاققان راست ئۇششۇك ھەرە بولسۇن، مەيلى ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇششۇك ھەرىلەر بولسۇن ھەممىسىنىڭ قىلىۋاتقىنى پەقەت ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىش خالاس. ئۇلار نېمىلا قىلغىنى بىلەن ئۆزلىرىنى زاۋاللىقتىن، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ!



تەھرىرى: 07
(ئىبراھىم ماخمۇت)

- پاھ، بۇ ئاجايىپ توغرا يەكۈن بولدى بوۋا! - دېدىم مەن خۇشال بولۇپ ۋە ھەممىيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.



# 1997 - يىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت كۆزنىكىدە چاقنىغان يۇلتۇزلار

★ ئۇرسۇنجان تۇرغۇن ★

زەچچە يۈز يىللاپ سۈكۈت ئىچىدە تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ياتقان تارىم ئانا غايىۋى ھىماتچىغا ئېرىشكەندەك، بىر قېتىملىق مەدەنىيەت بوھرانىنىڭ ئازابلىق جاراھەتلىرىدىن ساقايغان ئېغىر گەۋدىسىنى ئاستا مىدىرلاتتى. ئۇنىڭ گۈزەل لاتاپىتى ھېلىھەم جەزىبدارلىقىنى يوقاتمىغان، كۈچلۈك ھېسسىياتقا تويۇنغان.

تارىم ئانىنىڭ كەڭ ئىللىق باغرى مىلادىيىدىن خېلى ئىلگىرىكى مەزگىللەردىن بۇيان، تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىدىغان، تەسىرلىشىدىغان، يۇغۇرۇلىدىغان، بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. بۇ بۆشۈك دۇنيا قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىگە قانچىلىغان مول مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرمىدى، نەچچىلىگەن مۇنەۋۋەر پەرزەنتلەرنى يېتىلدۈرمىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ پارلاق تاڭ باھارىنى كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ 90 - يىللار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراشتەك ئۆزگىچە بىر مەنزىرە بارلىققا كەلگەن ئالتۇن دەۋرى بولدى. ئەزەلدىن ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تارىم ئانا ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانۇ - شەۋكەتلىك ئالەمشۇمۇل مەدەنىيىتىنى قايتىدىن تېپىۋالغاندەك پۈتۈن دۇنياغا خىتاب قىلدى. دەرھەقىقەت ئاجايىپ ئاۋات بىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئاتلىقلار 21 - ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا ئاسىيانىڭ كىندىكى دەپ ئاتالغان بۇ ئۇلۇغ باي، گۈزەل زېمىندا ئانىنىڭ تۇنجى ئوغۇز سۈتىدىن ئۇزۇقلانغان بوۋاقتەك ئاستا - ئاستا تەمتىلەپ ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى قەدەملىرىنى بېسىشتى.

تارىم ئانا ھەقىقەتەن ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قورقماس، ئوغۇز خان سۈپەت باتۇرلىرىنى كۆرگەندەك، قىزلىرىنىڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە جەزىبدارلىقىنى تېپىۋالغاندەك، دۇنيا ئىلىم - پەن ساھەسىدە شۆھرەت قازىنىۋاتقان مەھمۇد، يۈسۈپلىرىنى تېپىۋالغاندەك چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە خۇشاللاندى. ھالبۇكى 90 - يىللارنىڭ 1997 - يىلى بىز ئۈچۈن

ئاجايىپ ئامەتلىك بىر يىل بولدى. بۇ يىل دۇنيا كۆز تىككۈەتقان، ئەسىر ھالقىيدىغان مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان 15 ـ قۇرۇلتاي غەلىبىلىك ئېچىلغان، شياڭگاڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا تىنچ يول بىلەن قايتۇرۇۋېلىنغان، ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرى خىلمۇ خىل ساھەلەردە ئالقىشلانغان، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى تارىخىي مۆجىزىلەر يارىتىلغان مول ھوسۇللۇق يىل بولدى.

مىلادى 1997 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دارۋاز ئۇستىسى ئادىل ھوشۇر ئۆزىنىڭ يۈكسەك ماھارىتى بىلەن سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ ھېچنىمىدىن قورقماس روھىنى نامايەن قىلىپ، دۇنيا بويىچە گىنىس رېكورتىنى ياراتتى. تېببىي پەنلەر بويىچە روسىيىدە دۆلەت دەرىجىلىك دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان جۇڭگوچە، غەربچە، ئۇيغۇرچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ دۇنيا تېببىي پەن ساھەسىنى زىل ـ زىلىگە سېلىۋاتقان دوختۇر خالمۇرات غوپۇر دۆلىتىمىزدىكى 10 مەشھۇر ياشنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى. ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى چولپانلار دەپ تەرىپلىنىۋاتقان ئۇسۇلچىلاردىن تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان 14 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار سەنئەت فېستىۋالىدا ئالتۇن مېدال ئېلىپ، دىلنار ئابدۇللا 1997 ـ يىللىق ئاسىيا سەنئەت فېستىۋالىدا ئەڭ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ نەپىس جەزبىدار ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى يەنە بىر قېتىم دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلدى. ياش ناخشىچى ئايتۇرسۇن نىياز 14 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار سەنئەت فېستىۋالىدا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئۆزىنىڭ تاغ سۈيىدەك سۈزۈك ئاۋازى بىلەن دۇنيا خەلقىگە تونۇتتى. كىنو ئارتىسى خۇرشىدە تۇردى ۋە داڭلىق ئاۋاز ئارتىسى تۇرغۇن ئىبراھىملار كىنو چولپانلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەۋلادلارنىڭ غەمگۈزارى — شەخس مەكتەپ سالغان كېرەم ئىمىن مەملىكىتىمىزدىكى 10 مەشھۇر دېھقان ياشنىڭ بىرى بولۇپ قۇتلۇقلاندى. دۆلىتىمىز تەنتەربىيە ساھەسىدىكى بوكس تۈرىدە بوكس پادىشاھى دەپ نام ئالغان ئابدۇشۈكۈر 8 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا يەنە بىر ئالتۇن مېدال ئېلىپ، خەلقئارا بىليارد ساھەسىگە بۆسۈپ كىرگەن، مەملىكىتىمىزدىكى بىليارد چېمپىيونى قاسىم تۇرسۇن شەرەپ ئۇستىگە شەرەپ قوشۇپ مىللىتىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

«گۈلەمخان»، «مۇقام ئەجدادلىرى» قىلىق تارلىق درامىلار 1997 ـ يىللىق مەملىكەتلىك ئوپېرا كۆرىكىدە ئەڭ ئالىي مۇكاپات «جۇڭخۇا مەدەنىيەت مۇكاپاتى»غا، بۇ درامىدىكى باش روللارنى ئالغان گۈزەلنۇر قۇربان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئورۇنداش مۇكاپاتى ھەمدە «جۇڭخۇا مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ پىشقان تالانتىنى نامايان قىلدى. دۇنيا مۇزىكا قامۇسىدىكى بىباھا گۆھەر دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان «12 مۇقام» كۆپلىگەن تەتقىقاتچى تىلشۇناس ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىشى، رەھبەرلىرىمىزنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە 13 كىتابچە بولۇپ، تۆت خىل تىلدا نەشر قىلىنىپ پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى.

بۇ نەتىجىلەر يۈكسەك غايىگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىغا مەنسۇپ.

مەن شۇنى خىتاب قىلىمەنكى، يۈكسەك غايىلەرنى قەلبىگە پۈككەن ئۇيغۇر ئوغۇل قىزلىرىنىڭ 1998 ـ يىل 1997 ـ يىلىكىدىنمۇ مول نەتىجىلەرنى زاھىر قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن. (04)

(ئا. مۆمىن. ف. شەرىف، ئى. ئىبراھىم، ئا. خالىدىن فوتوسى)

# قانداق قىلغاندا مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ؟

مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتە ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىپ يېتىشىمىز كېرەك. مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىشتۈرۈش ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۆز مەسئۇلىيىتىنى يېتىشتۈرۈش تەربىيىسىدۇر. بىر ئادەم ئەگەر ئۆزىنى قەدىرلىمىسە، مۇقەررەر يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى ئەمەلىي ئىشلەيدىغان بىرەر كەسىپكە بېغىشلىمىسا، يېنىكلىك قىلسا، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش كۈچكە ئىگە بولالمايدۇ، بەلكى ئۇنداق قىلىش ئۆزىنى قەدىرلىمىگەنلىك، ئۆزىگە مەسئۇل بولمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسئۇلىيەت يەنە جەمئىيەتكە، باشقىلارغا مەسئۇل بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مەزمۇنىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئۇزارتىدۇ.

بىنيامىن كىچىك چېغىدا ھەم نامرات ھەم كېسەلچان بولۇپ، يار- يۆلەكسىز ئىدى، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كىچىك چېغىدىن باشلاپ بىر باسما زاۋۇتىدا شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. مۇشەققەتلىك كىشىلىك تۇرمۇش ئۇنى بىلىم ئېلىشقا بولغان ئارزۇسىدىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ. ئۇ دائىم بىر نەچچە بولكا سېتىشنىڭ ئالدىدا كىتابخانىغا بېرىپ كىتاب سېتىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دائىم ئاچ قالىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئىشقا كېتىۋېتىپ، كىتابخانىنىڭ ئەينەك جاھازىسىنىڭ ئىچىدە ئېچىپ قويۇلغان يېڭى بىر كىتابنى بايقاپ، ناھايىتى سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ، لېكىن باھاسى يۇقىرى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابنىڭ 2 بېتىنى ئىجتىھات بىلەن ئوقۇپ بولۇپ ماڭىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۇ يەنە بۇ كىتابخانىنىڭ ئەينەك جاھازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ كىتابنىڭ يەنە ئىككى بەت ئېچىلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇ كىتابنىڭ يەنە ئىككى بېتىنى جىددىي ئوقۇپ تۈگىتىدۇ، ئۈچىنچى كۈنىمۇ يەنە كىتاب ئىككى بەت ئېچىلىق تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ، ئۇ يەنە كىتابنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاب ھەر كۈنى ئىككى بەتتىن ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ئۇ بۇ كىتابنى پۈتۈنلەي ئوقۇپ تۈگەتكەن كۈنى كىتابخانا خوجايىنى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بۈگۈندىن باشلاپ خالىغان ۋاقىتتا كىتابخانىغا كېلىپ بارلىق كىتابلارنى پۇل تۆلىمەي ئوقۇشىنى ئېيتىدۇ. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ نامرات ئۆسمۈر ئەنگلىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى ۋە مۇخبىرىغا ئايلىنىدۇ.

بىنيامىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن ئۆگىنىشكە تايانسا يەنە بىر تەرەپتىن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچان كىتابخانا



خوجايىنىغا يولۇققان. ئۇ بىنيامىننى ئاسرىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن. قىيىن شارائىتتا بىنيامىن كىچىك تۇرۇپ بۇ دۇنيادىكى گۈزەل ھېس- تۇيغۇلارنى، رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ، ھەيدەكچىلىكنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەتكەنلىكىنى، گۈزەل دۇنيانىڭ قەلب دېرىزىسىنى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلغان. كىتابخانا خوجايىنى بىنيامىننىڭ كېيىن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان يازغۇچىغا ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقاشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلغان.

تۇرمۇشتىكى مەسئۇلىيەتچان بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى يەنىلا بىر خىل كىشىلىك قەدىر- قىممەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىپ ئۆزىمىز مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئالغان ۋاقتىمىزدا، جاسارەت بىلەن زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەككى، ھەرگىز باشقىلارغا دۆڭگەپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ جەنۇب شىمال ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم جەڭدە جەنۇب ئارمىيىسىنىڭ بېد دېگەن بىر گېنېرالى يېتەكچىلىك قىلغان قوشۇن شىمال ئارمىيىسىنىڭ بازىسىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىدۇ، لېكىن قوشۇن ئوتتۇرا يولدا شىمال ئارمىيىسىنىڭ يوشۇرۇن ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە 5000 ئەسكەرنىڭ بەشتىن 1 قىسمى چىقىم بولىدۇ. بېد بەختكە يارىشا ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنى جەنۇب تەرەپ ئۇرۇش لىنىيىسىگە چېكىندۈرگەن ۋاقىتتا، جەنۇب تەرەپنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى لى گېنېرال ئاتلىق قارشى ئالغىلى چىقىدۇ ھەم باشقىلارغا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىم. مەن بىر ئادەم بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدۇم». لى گېنېرال جەنۇب تەرەپنىڭ زۇڭتۇڭى داۋىدنى ئىستېپا بەرگۈزۈپ، باشقىلارنى زۇڭتۇڭنىڭ ئورنىغا دەسسەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەگەر لى گېنېرال بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ مەغلۇبىيىتىنى باشقىلارغا ئىتتىرگەن بولسا، ئۇ چاغدا نۇرغۇن سەۋەبلەرنى تاپقان بولاتتى. بەلكى ئۇ ئۇنداق قىلماي مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. تارىختا ناھايىتى ئاز بىر نەچچە كىشىدىلا مۇشۇنداق جاسارەت، قەھرىمانلىق بولغان. جەنۇب شىمال ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرى قانداق بولسۇن، لى گېنېرالنىڭ پوزىتسىيىسى كىشىنى قايىل قىلىدۇ. كۈندىلىك خىزمەت، تۇرمۇشتا مەسئۇلىيەتچان بولۇش بىر خىل ياخشى خىسلەت، ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئالغاندا بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئىشلاردا، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىدا بولسۇن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، شىجائەت بولۇشى كېرەك. بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە باشقىلارغا دۆڭگەپ ئۆزىنى ئاقلاش ھامان مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا دۆڭگەپ ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇنداق كىشىلەر مۇھىم، چوڭ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالمايدۇ.

كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، غەربتىكى بەزى دۆلەتلەر ياشلاردىن تەركىب تاپقان تەشكىلاتلارنى قۇردى. بۇ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يېتىشتۈرىدىغان «تەييارلىق مەكتەپ»لىرىدە ھەر بىر ئەزا مەلۇم مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچنى زىممىسىگە ئالىدۇ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ھەر خىل ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش جەريانىدا باشقىلارنىڭ نازارىتىنى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى كېرەك قىلمايدۇ، بەلكى تەشكىلات مەسئۇلىنىڭ تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرقايسى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. بۇنداق قىلىش «مۇھىم مەسئۇلىيەت مەشقى» دەپ قارىلىدۇ.

يۈكسەك مەسئۇلىيەت ئېڭى كىشىلىك ھاياتنىڭ قەدىر قىممىتىدۇر. ئۇ تۇرمۇشتىكى جۈرئەتلىك بولۇش ۋە قىزغىنلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان. تۇرمۇش گۈزەل، گۈزەل تۇرمۇشنى پەقەت كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرلا يارىتالايدۇ. (05)



# پرومېتېي ۋە ئەرشنىڭ ئوتى

★ نوختى ئابدۇۋايىت ★

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىنسانلار بىگىلا دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن كېيىن، ئۇلار ئارىسىدا ئوت بولمىغاچقا يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيەلمىگەن. ھۆنەر- كەسىپلەردىمۇ ئوتتىن پايدىلانمىغاچقا ئۈنۈملۈك ئۇسكۈنە ۋەقورال - سايمانلارنى ياساپ چىقالمىغان، شۇڭا جانغا زامىن بولىدىغان مۇدھىش سوغۇقلاردىن مۇداپىئەلىنىدىغان ياكى پاناھ جايغا ئىگە بولىدىغان ئىمكانىيەتمۇ بولمىغان. يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭمۇ ئالدىنى ئالالمىغاچقا، ئىنسانلار بارا - بارا ئاجىزلاپ زەئىپلەشكەن، ھەتتا ھەق - ناھەقنىمۇ ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالغان، ھېچقانچە ئۆمۈر كۆرمەستىنلا ئۆلۈپ كېتىشكە باشلىغان. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئىلاھلارنىڭ ئۇرۇقىدىن بولغان پرومېتېي ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېچىنىشلىق ھالەتتە، قاراڭغۇلۇق، زۇلمەت ۋە ئازاب ئىچىدە بىھۇدە ياشاپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئاخىرى پۇرسەت تېپىپ ئەرشتىن ئوت ئوغرىلاپ كېلىپ ئىنسانلارغا بەرگەن، ئىنسانلار ئوتنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغان. شۇندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ كۈنى بارا - بارا ياخشىلىنىپ، تۇرمۇشى شاد - خۇراملىققا چۆمگەن، لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە پرومېتېي ئەرش ئىلاھلىرىنىڭ قاتتىق جازالىشىغا ئۇچرىغان. چۈنكى، ئەزەلدىن پرومېتېينى ياقتۇرمايدىغان تەڭرىلەر تەڭرىسى زېۋس پرومېتېينىڭ پەقەت ئەرشكىلا خاس بولغان ئوتتىن ئىنسانلارغا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئەرش ئىلاھلىرى بىلەن كېڭەشمەستىنلا پورومېتېينى ئېغىر دەرىجىدە جازالاشنى قارار قىلغان، ھەمدە ئۇنى زەنجىر بىلەن تاغ چوققىسىغا مەھكەم باغلاپ مەڭگۈلۈك ئازاب چېكىشكە بەند قىلغان.

يۇقىرىقى يونان ئەپسانىسى كىشىلەرگە ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق بولغان ئەپسانىدۇر. خۇددى باشقا نۇرغۇن ئەپسانىلەرگە ئوخشاش بۇ ئەپسانىمۇ چوڭقۇر مەناغا ۋە سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمما كىشىلەر ھېلىمۇ پرومېتېينىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇنداقتا، پرومېتېي زادى قەيەردە؟ ئومۇمەن، بىز چوڭقۇرراق ئويلانساقلا شۇنى بايقىۋالالايمىزكى، پرومېتېي ھەرگىزمۇ

باشقا بىر يەردە ئەمەس، بەلكى دەل ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان پەيلاسوپلارنىڭ ۋۇجۇدىدا، يەنى پەيلاسوپ دەل پرومېتېيدىن ئىبارەت. پرومېتېي ئەرشدىن ئېلىپ كەلگەن ئوت ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى مەنىدىكى قورال ياكى ۋاستە بولغان ئىستېمال مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان ئوت ئەمەس، چۈنكى پرومېتېي ئوتنى قۇياش ئىلاھىدىن ئەڭ زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئوغرىلاپ كەلگەن. شۇڭا بۇ ئوت قۇياش ئىلاھىنىڭ ئوتى. قۇياشنىڭ نۇرى ياكى سىمۋوللۇق مەنىسىدىن ئېيتقاندا، دەل ھەقىقەت ئوتى ياكى نۇردىن ئىبارەت. شۇڭا پرومېتېينىڭ ئوتى ياكى ئەرشنىڭ ئوتى دەل پەيلاسوپنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە روھىيەت ئالىمىدىن ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەت دۇردانىلىرى ۋە مەۋجۇتلۇق ھېكمەتلىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە، دەل مۇشۇ ئوت ياكى يورۇقلۇق ھاياتلىقنى ئىشەنچ، ئۈمىدكە، قىممەتكە، ھەقىقىي مەناغا ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، پەيلاسوپ دېگەن نېمە؟ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، پەيلاسوپ دەل ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەمدىن ئىبارەت. مەسىلەن، دۇنياغا داڭلىق پەيلاسوپ سوقرات ئەينى چاغدا ئافىنالىقلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىپ سوتلانغاندا، ئەگەر سوت مەيدانىدا ئەنئەنىۋى ئۆزىنى ئاقلاش ئۇسۇلىنى مەنسىتمەي قالماستىن سوتچىلارنىڭ تەلىپىگە ئازراقلا يول قويغان بولسا ئۇ شۈبھىسىزكى، گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بولار ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىغان، ئېنىقكى بۇنداق قىلىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقىي پەيلاسوپنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس. يەنە مەسىلەن، زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەبئەت پەلسەپىچىسى برونو دەل ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك روھ بىلەن ئەسەبىي دىندارلار تەرىپىدىن ئوتتا كۆيدۈرۈلسىمۇ ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمىگەن. مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە تېببىي ئالىم ئىبىن سىنامۇ ھەقىقەت يولىدا بىر ئۆمۈر سەرسان- سەرگەردانلىقتا يۈرگەن، سپىنوزا نىتزى ۋە باشقا نۇرغۇن پەيلاسوپلارمۇ ئۆز ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ھەقىقەتكە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش يولىدا تالاي ئازاب ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دېمەك، يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەمەلىي مىساللاردىن بىز يەنە مۇنداق بىر يەكۈننى چىقىرالايمىزكى، ھەقىقىي قەھرىمان ھەرگىزمۇ جەڭ مەيدانىدا ئۆزىنى قۇربان قىلالىغانلارلا ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئۆز ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلەردۇر.

ئادەتتىكى كىشىلەر پەلسەپىنى بىر خىل تېتىقسىز، تەمسىز، ئىقتىسادىي ئۈنۈم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا قىممەتسىز ياكى كېرەكسىز نەرسە دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى ئادەملەر تەبىئىيدىنلا ئەمەلىي قولغا كەلگەن نەتىجە ياكى كونكرېتنى نەرسە ئارقىلىق مەلۇم بىر نەزەرىيىنىڭ قىممىتىنى، ھەقىقىتىنى ئۆلچەشكە ئادەتلەنگەن. ئېنىقكى، ھەقىقەتنىڭ بۇ خىل ئۆلچىمى پەقەت مەنپەئەتپەرەسلىك نۇقتىسىدىن قىممەتكە ئىگە قىلىنغان ئۆلچەمدىن ئىبارەت. توغرا، پەلسەپە كىشىلەرنى باي قىلمايدۇ، كونكرېتنى ماددىي بايلىققا ئېرىشتۈرمەيدۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، پەقەت ناھايىتى ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەردىلا بۇ خىل ھەقىقەتنى زېمىنىگە ئالالايدىغان ئىقتىدارلىق (سالاھىيەت) ياكى جاسارەت بولىدۇ.

ئۇنداقتا، پەلسەپە دېگەن نېمە؟ بۇ مەسىلىدە بەلكىم بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنى توغرىدۇر. يەنى پەلسەپە – سوئاللارنىڭ دۆۋىسىدىن ئىبارەت. گەرچە شۇنداق دېيىلگەن تەقدىردىمۇ پەلسەپە ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى سوئاللارنىڭ ئاددىيلا دۆۋىسى ئەمەس، بەلكى، پەلسەپىنىڭ ئوتتۇرىغا

قويغىنى مەۋجۇتلۇق ئالەم ۋە ھاياتلىق مەسىلىسىدىكى ماھىيەتلىك سوئاللاردىن ئىبارەت. ئەمما، تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پەيلاسوپنىڭ پەيلاسوپ بولۇشى قانداق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى سوئالنى قانداق قويغانلىقىدا. چۈنكى مەۋجۇتلۇق، ئالەم ۋە ھاياتلىق توغرىسىدىكى سوئاللارنى ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن. شۇڭا پەيلاسوپنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دەل سوئال قويالايدىغان تالانتتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، بۇ خىل سوئاللاردا ئىپادىلەنگىنى زادى قانداق روھ ياكى ئىرادە؟ ئېنىقكى، بۇ خىل ئىرادە دەل «ھەقىقەت ئۈچۈن ئىرادە» — مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان روھى ئېچىرقاش ئىچىدە تۇرغان ئىرادە. گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ ھېددىگېر (1889 — 1976) نىڭ قارىشىچە ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتى دەل ئەركىنلىكتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەركىنلىك ھەقىقەتكە نىسبەتەن ئۆلچەم بولۇش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەركىنلىكتۇر. بىز يەنىلا ئۆز كېيىمىزدە چىڭ تۇرالايمىزكى، پەيلاسوپ ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەم، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىيمىسى، ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ قىيىنشىدىن ھالقىپ چىققان ئادەم.

پەيلاسوپنى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ قىيىنشىدىن ھالقىپ چىققان دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئازابلانمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئازابى ئەڭ زور، ئەڭ دەھشەت ئازاب. پەيلاسوپ ياكى تالانت ئىگىسى ھەقىقىي ئازابنىڭ رېئال دۇنيا ياكى ماددىي دۇنيادىن كەلگەن ئازاب ئەمەس بەلكى روھىي دۇنيادىن ياكى روھىي دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە زۇلمىتىدىن كەلگەن ئازاب ئىكەنلىكىنى ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنگەن بولىدۇ.

بىز يەنىلا يۇقىرىقى ئەپسانىگە قايتىپ كېلەيلى. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئولىمپس تېغىدىكى ئىلاھلار پرومېتېينى قىلمىشى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر جازالاپتۇدەك، ئۇنى تاغ چوققىسىغا مەڭگۈلۈك باغلاپ قويغان بولۇپ، تاڭ يورۇشى بىلەن يىرتقۇچ قۇش ئۇنىڭ يۈرىكىنى ۋە جىگىرىنى بىر ـ بىرلەپ چوقۇپ يەيمىش، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەنگىچە پرومېتېينىڭ يۈرىكى ۋە جىگىرى يەنە كۆكلەپ چىقىدىغان بولۇپ، بىر يىرتقۇچ قۇش يەنە كېلىپ قانغا بويالغان تىرناقلىرى بىلەن ئۇنىڭ تىزىغا قونۇپ يەنە ئۇنىڭ يۈرىكى ۋە جىگىرىنى چوقۇشنى باشلارمىش، جازا ھەر كۈنى شۇ يوسۇندا مەڭگۈ داۋاملىشارمىش. ئىلاھلار بۇ خىل جازا ئەڭ ئاقىلانىلىك دەپ ئويلىغان. چۈنكى، ئۇلار بۇ قەدەر ئېغىر ئازاب ئىچىدە پرومېتېي ھېس قىلىدىغان خۇشاللىقنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن. چۈنكى، ئەجىبا تۆلىگەن بەدەلنىڭ بۇ قەدەر دەھشەت ۋە ئېغىرلىقى ئۇنىڭ قىلمىشىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ئىپادىلىمەسمۇ؟ شۇڭا بىز ئېيتىمىزكى، پرومېتېي تارتىۋاتقان بۇ غايەت زور ئازاب ئىچىگە ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر روھىي خۇشاللىق يوشۇرۇنغان. بۇ خىل روھىي خۇشاللىق دەل ئازاب ئىچىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقى، ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تېپىۋېلىش خۇشاللىقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭغا ئوخشاش بىز ئېيتقان ھايات پرومېتېي ياكى پەيلاسوپمۇ رېئالنى دۇنيانىڭ بۇ خىل ئازابلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. تۇرمۇش جەھەتتىكى بەختسىزلىك، جەمئىيەتنىڭ قارشىلىقى، ئاچارچىلىق، يالىڭاچلىق دېگەندەك تەقدىرلەرمۇ ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۈچ ـ قۇدرەت ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ تۇرغان ئەرش ئوتىنىڭ يالقۇنى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ!



تەھرىرى: 06
(ئەسقەر داۋۇت)

# كېلەچەككە ئېلىپ بارىدىغان يول

ياش - ئۆسمۈرلەر ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، كېلەچەكنىڭ قۇرغۇچىلىرى، كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن تەلەپكە لايىق، توغرا، دۇرۇس ئۆسۈپ يېتىلىشى يالغۇز بىر ئائىلىنىڭ، مەكتەپنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولماستىن بەلكى پۈتكۈل خەلقنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارغا قارىتىلغان ھەر تۈرلۈك تەربىيىنى قەتئىي بوشاشتۇرماي، ئىزچىل يېتەكلەش، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش، بۆرۈلۈش بولۇۋاتقان پەيتتە ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ساغلام ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسىنى قەتئىي، ئىزچىل، ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك.

ياش - ئۆسمۈرلەر فىزىئولوگىيىلىك مەنىدىن ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاچقا ئۇلارنىڭ پسىخىك خاراكتېرى تېخى مۇقىملاشمىغان ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ئوقۇتۇش جەريانىدا جانلىق، ئوبرازلىق، كۆپ خىل پائالىيەت شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا ئەخلاق قارىشى، ساغلام ئەخلاقىي ئىدىيە ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي غايە تىكلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كوللېكتىۋىزملىق ئاڭ ۋە كوممۇنىستىك غايە ئەڭ كۆپ، ئەڭ بۇرۇن تەشۋىق قىلىنىدىغان ئورۇن - مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

دۇنيادا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، دۇرۇس ئۆسۈپ يېتىلىشىنى خالىمايدىغان بىرمۇ ئاتا - ئانا بولمىسا كېرەك. شۇنداق، پەرزەنتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن مۇكەممەل، ساغلام بولۇشى ئاتا - ئانا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. شۇڭلاشقا گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەت تەربىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل تەربىيىلەردە ھەممىنى نوقۇل مەكتەپلەرگە، ئوقۇتقۇچىلارغا ئىتتىرىپ، ئاساسىي كۈچنى ھەممىشە مەكتەپ تەربىيىسىگە ئارتىپ قويۇشقا، مەكتەپلەرگىلا يۆلىنىۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا يېڭى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا،يېڭىچە ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشى بىخسۇرۇۋاتقان پەيتتە كەڭ ئاتا- ئانىلار ناھايىتى سەگەكلىك ۋە ھوشيارلىق بىلەن ئوبيېكتىپ ئەخلاق ئېكولوگىيىمىزدىكى رېئالنى ئاينىشلارغا ۋە بەزى غەلىتە ئەھۋاللارغا ئاقىللارچە پوزىتسىيىدە بولۇشى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئىدىيىسىنى توغرا، دۇرۇس ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشى بىلەن قوراللاندۇرۇشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى، سىرتتىكى ناچار ئاينىشلارنى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يۇقتۇرۇۋېلىشىنى قەتئىي توسۇش، چەكلەش كېرەك.

جەمئىيەت، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىسىگە، ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىغا بىۋاسىتە، ئاسان تەسىر كۆرسىتىدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتتە ئۆز ئائىلىسى ۋە مەكتىپىگە قارىغاندا نىسپىي ئەركىنلىككە ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتتىكى ئايرىم نۇقسان، بۇزۇلۇشلارنى ئاڭسىزلارچە ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋالىدۇ، ئاسانلا يامان يولغا كىرىپ كېتىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە كىشىلەر ئۇيۇشۇپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەربىر بالا، ھەربىر پەرزەنتنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ئۇلارنى يامان يولدىن توسۇشى، ئۇلارنى ساغلام ئەخلاقىي - پەزىلەتكە ئىگە قىلىشتا خالىس تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ياش - ئۆسمۈرلەر - بىزنىڭ گۈزەل كېلەچىكىمىز، كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر. ئۇلار ۋەتەننىڭ ئۈمىدى، مۇشۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ پارلاق ئەتىسىدۇر. شۇڭىمۇ، ھازىرقىدەك يېڭىچە قىممەت بىخ ئۇرۇۋاتقان پەيتتە ياش-ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئەخلاقىي - پەزىلەت تەربىيىسىنى ئۈزۈل - كېسىل، پۇختا ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. (06)



# جەمئىيەت مېھر - مۇھەببەتكە موھتاج

★ ئىزىزجان توختىھاجى ★

مېھر - مۇھەببەت ماددىي ۋە مەنىۋىلىكتىن ئىبارەت ئىككىلا مەنادا ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن مەنىۋى مېھر - مۇھەببەت ماددىي مېھر - مۇھەببەتنى بېسىپ چۈشىدۇ. مېھر - مۇھەببەتنىڭ ئۆزىمۇ تېگى- تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنىۋىلىكنىڭ پارتلاپ چىقىشى. مەنىۋىيىتى باي كىشىلەرنىڭ مېھر - مۇھەببىتى كۈچلۈك بولىدۇ. مەنىۋىيەت تۆسى قويۇق جەمئىيەتتە مېھر - مۇھەببەت تولۇپ - تاشقان بولىدۇ.

جەمئىيەت - بەخت بىلەن بەختسىزلىك ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان چوڭ گەۋدە. ئىنسانىيەت خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە غەم- قايغۇ، خاپىلىقلاردىنمۇ خالى بولالمايدۇ. تاسادىپىي خۇشاللىق، تاسادىپىي بەختسىزلىكلەر ئىرادىمىزگە باغلىق بولمىغان ھالدا ھەمىشە ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئىنسان - خۇشاللىقنى ئارزۇ قىلىدۇ. مېھر - مۇھەببەت، غەمخورلۇقلارغا موھتاج بولىدۇ.

رېئاللىقتا تەبىئىي ۋە سۇنئىي بەختسىزلىكلەر، غەم - قايغۇلار، مەسىلەن، ئۆلۈم - يېتىم، كېسەللىك، يوقسۇزلۇق، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە يولۇقۇش، ھەر خىل كېلىشمەسلىك، يوقىتىش خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي پاراكەندىچىلىك... لەر ئىنسانلارنى غەم - قايغۇغا مۇپتىلا قىلىدۇ.

بەختسىزلىك - ئوبيېكتىپ نەرسە. ئۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ قانداق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، قانداق ياشىشىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. بۈگۈن سالامەت كىشى ئەتە ئاغرىپ قېلىشىمۇ، تۈنۈگۈنكى باي كىشى بۈگۈن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن يوقسىزلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنى مېھر - مۇھەببەتنى تەقدىم قىلىشنىڭ شەرتى قىلمىغاندىمۇ «كۆكۆل - كۆكۆلدىن سۇ ئىچەر» دېگەن سۆز ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە بولسا، باشقىلارغا مېھر - مۇھەببەت ئاتا قىلىشتىن زور خۇشاللىق تاپىمىز. ئەقىللىق، سېخىي، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ كىشىلەرلا باشقىلارغا ھەقىقىي مېھر - مۇھەببەت تەقدىم قىلالايدۇ.

كۈچلۈك ئىجتىمائىيلاشقان جەمئىيەتتە، بىر ئادەمنىڭ ھەممە ئىشنى يالغۇز ئۆزىلا قىلىپ باشقا ئېلىپ چىقىپ كېتىشى ناتايىن، يەنىلا باشقىلارنىڭ يار- يۆلەكتە بولۇشى، قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە موھتاج بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىشىنىمۇ نەتىجىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. جەمئىيەتكە بولغان بېسىمىمۇ

ئازىيىدۇ. دېمەك، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھەر تەرەپكە، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانىيەتكە پايدىسى ھەم زۆرۈرىيىتى بار.

بۈگۈنكىدەك شەخسىيەتچىلىك ئەدەپ كېتىۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋر مېھىر - مۇھەببەت، ئۆزئارا ياردەمگە تېخىمۇ موھتاج. ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر تېخىمۇ شۇنداق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ توغرا يېتەكلىشىدە خېلى كىشىلەر بېيىدى، پۇل تاپتى. بەزىلەر ئەۋلادلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. بەزىلەر ئۆز جايلىرىغا دوختۇرخانا، مەكتەپ، يەسلىلەرنى قۇرۇپ بەردى. كۆۋرۈك سېلىپ، سۇ چىقىرىپ بەردى. بەزىلەر نامرات، مېيىپ، ياشانغانلارغا ياردەم قىلدى. ئەپسۇس، بەزى مېھىر - مۇھەببەتلەر ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئەقىلسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆز ئورنىنى تاپالماي بۇزۇپ - چېچىش، ئىچىش - چېكىش بىلەن ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ ئەقەللىيسى ياخشى سۆزنىڭ، ئۆزئارا قوللاش، مەدەت بېرىشنىڭ ئورنىغا غەيۋەت قىلىش، قولىدا ئېشىپ - تېشىپ تۇرسىمۇ يۇقىرىقىدەك ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ياردەم قىلماسلىق، خىزمەت تەرتىپىدە باشقىلارغا قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىش بولسىمۇ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ قىلماسلىق ياكى باشقىلاردىن پارا ئېلىش ھېسابىغا ھەل قىلىپ بېرىشتەك ناتوغرا ئىستىللار ئەسلىدىكى بار بولغان مېھىر - مۇھەببەت ئىشەنچىسىنىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، كىممۇ ئۆز ئۆمرىدە مېھىر - مۇھەببەتكە موھتاج بولماي ئۆتەلەيدۇ؟ باشقىلار قانداق مۇئامىلە قىلسا شۇنداق قىلىمەن، شۇ ۋاقىتقىچە كۈتۈپ تۇرىمەن دېيىش ئۈچىغا چىققان بىمەنىلىك. باشقىلاردىن ئايىغان مېھىر - مۇھەببەت ئۆزىدىن ئايىغان مېھىر - مۇھەببەتتۇر. باشقىلاردىن ھۆرمەت تەمە قىلىپ ياكى مەلۇم مەقسەت بىلەن قىلغان ياخشىلىقنىڭ، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ھېچقانداق قەدىر- قىممىتى بولمايدۇ. بۈگۈن سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلساڭ ئەتە سەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر دەل ئۇنىڭدىن يانمىسىمۇ ياخشىلىق ھامان يەردە قالمايدۇ. قىسقىسى، بىرسىنىڭ ھەققى بىرسىدە قالمايدۇ. سىزنىڭ بىراۋغا قىلغان ياردىمىڭ جەمئىيەتكە، كېيىنكى ئەۋلادلارغا قىلغان ياردەمدۇر. مېھىر - مۇھەببەت بىلەن نۇرغۇن ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. قان- قېرىنداش كۈچىيىدۇ. ھايات تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ. ئىنسانىيەت ئۇچرىغان بەختسىزلىكلەرنى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق يوق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. مېھىر - مۇھەببەت ئۆزئارا ئايالغان ئىنسانلار توپىدا، جەمئىيەتتە خۇشال - خۇرام تېرىكچىلىك قىلىش، خاتىرجەملىك بولمايدۇ. زىيادە شەخسىيەتچىلىك ھەر كىمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمىز بېخىل كىشىلەر تەرىپىدىن تونجۇقتۇرۇلغان مۇھەببەتتۇر.

بىز مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز سەرپ قىلىنىۋاتقان، ئەقىلسىزلىقىمىز، نادانلىقىمىز تۈپەيلى ئىسراپ بولۇۋاتقان مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى ئۆزئارا تەقدىم قىلىشساق، جەمئىيەت ئىللىقلىققا، خۇشاللىققا چۆممەمدۇ، كۆڭلىمىزمۇ سۆيۈنمەمدۇ؟

دوستلار، قولىمىزدىن كەلگەن ياخشىلىقنى ئايىمايلى، نەزەر دائىرىمىزنى، كۆڭلى- كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتايلى.

ئىنسانىيەت دۇنياسى مەڭگۈ مېھىر- مۇھەببەت، سۆيگۈ دۇنياسى بولۇپ قالسۇن.

(04)

(ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى)

# ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج

قەدىمكى مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تارىختا پارلاق نۇر چېچىپ، ئۆزگىچە رەڭدارلىقى ۋە سېھرىي جەلپكارلىقى بىلەن بۈگۈنكى دۇنيا تەنتەربىيىسىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساسىنى تىكلەپ بەرگەن. ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار، مىڭئۆي تام رەسىملىرى، قىياتاش سىزمىلىرىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا، تەنتەربىيە ھەرىكىتى خەلقىمىزنىڭ ئايرىلماس پائالىيەت شەكلىگە ئايلانغانلىقى مەلۇم. كۆڭۈل ئېكرانىمىزدىن ئەبەدىي ئورۇن ئالغان، يەرۇ - كۆكنى لەرزىگە سېلىپ ئوينىلىدىغان «ئوغلاق تارتىشىش» ئويۇنىغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرىدىغان بولساق، خەلقىمىزنىڭ قورقماس، باتۇر، ئەزەلدىنلا چەۋەنداز خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. «چېلىشىش»، «ئۆكۈز كۆتۈرۈش» ئويۇنلىرىدىن بولسا، خەلقىمىزنىڭ پالۋان، كۈچتۈڭگۈرلىكى ئايان بولىدۇ. «دارۋازلىق» ھەرىكىتىدىن بولسا خەلقىمىزنىڭ يۈرەك، جەسۇر، مەردانە خىسلىتى نامايان بولىدۇ. دىققەت نەزەرىمىز بىلەن رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى كۆزەتسەك، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىشلاردا «سەيلە» دەپ ئاتىلىدىغان پائالىيەتلىرىمىز ھەم ئۇنىڭدىكى بەللىرىگە بەلباغ باغلاپ چېلىشىشقا چۈشىدىغانلارنىڭ غايىب بولۇشى بىزنى ئويلاندۇرماي قويمايدۇ! تەنتەربىيىنىڭ ئىنسان روھىيىتىگە بولغان ئىجابىي تەسىرى تەڭداشسىزدۇر. تەنتەربىيىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۇرۇش، دۇنياغا يۈزلەندۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى - ئومۇمىي خەلق ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش. ئاھالە ساغلاملىقىنى مەكتەپ تەنتەربىيىسىدىن باشلاش زۆرۈر. مەكتەپكە كۆڭۈل بۆلۈش - جەمئىيەتكە، دۆلەتكە، خەلققە كۆڭۈل بۆلۈش بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر. يېقىندا تەڭرىتاغ ئېتىكىدىن چىققان ئادىل بىلەن ئابدۇشۈكۈرنىڭ غەلىبىسى ۋە شان - شەرىپىدىن ۋۇجۇدلار لەرزىگە كەلدى. ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىز يالتىراشقا باشلىدى. تارىخ 21 - ئەسىرنىڭ جەڭ سىگنالىنى چېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ تەنتەربىيىسىدىمۇ يېڭى سەھىپىلەر ئېچىلىپ ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلىۋاتىدۇ. بۇ ئەجداد روھىنىڭ يارقىن سىماسىدۇر. بۇ خىل روھ زېمىنىغا پىداكارلىقنىڭ ئەڭ يېڭى ئۆرنەكلىرىنى تەقدىم ئەتكۈسى. ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پارلىسۇن، كامال تاپسۇن...! (01)



تۇرمۇش سىلىھەتچىسى
گېزىتى
«شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلىنىڭ قوشۇمچىسى
1998 - يىل
ئاپرېل
(ئومۇمي
112 - سان)

## ئۇششاق ھەرىكەت ۋە سالامەتلىك

1. بويۇننى تويۇقسىز بۇراش. يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى بارلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە تومۇر قېتىش كېسەللىكى بولىدۇ. ئەگەر بويۇن تويۇقسىز قايرىلسا، بويۇن قىزىل تومۇرىدىكى قاندا قايناملار ھاسىل بولۇپ، ئارتېرىيىگە تۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارتېرىيە قېتىپ چوڭ مېڭىگە قان يېتىشمەسلىك ياكى مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇپ قېلىش، مېڭىگە قان چۇشۇش كېلىپ چىقىدۇ.

2. باش يۇيۇش ھەرىكىتى. زور كۆپچىلىك كىشىلەر باش يۇيغاندا، بەدىنىنى ئېگىپ تۇرۇپ بېشىنى پەسكە ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ يۇيىدۇ. بۇ خىل بەدەن ھالىتى ساغلام كىشىلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. بىراق يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى بارلارغا نىسبەتەن خەتەرلىك. چۈنكى بەدەننى ئېگىپ، باشنى پەسكە قارىتىپ تۇرغاندا، يۈرەكنىڭ ئۇكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ھالەت ئۇزۇن داۋاملاشسا، يۈرەكنىڭ ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسانلا يۈرەك سانجىلىپ ئاغرىش ياكى يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ.

3. يۇيۇنۇش ھەرىكىتى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن يۈرەك، مېڭە قان تومۇر كېسەللىكى بارلارنىڭ بەك ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇشى پايدىسىز. چۈنكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرىلىغانسېرى يۈرەكنىڭ ئۇكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ. پۈتۈن بەدەندىكى قىلدام قان تومۇرلار كېڭىيىپ قان بېسىم تۆۋەنلەيدۇ. شۇڭا ئاسانلا يۈرەك مۇسكۇلىغا قان يېتىشمەسلىك ياكى چوڭ مېڭىگە قان ئۇيۇپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

4. ئۇزۇۋقلىنىش قان بېسىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەم ئۇزۇۋقلانغاندا قان بېسىم تۆۋەنلەيدۇ. تاماقنى تېز ياكى ئاستا يېيىش، تاماقنىڭ تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلارمۇ قان بېسىمغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىكەن. يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى ۋە مېڭىگە قان ئۇيۇپ قېلىش كېلىپ چىقىدۇ.
(02)

(زەينۇرە. ت)



## قان تومۇرنى ياشلا...

1. يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق... بولۇشىنى ساقلاش، دانلىق زىرائەت، مېۋە... كۆكتاتنى كۆپ يېيىش، گۆش تۈرىدىكى... يېمەكلىكلەرنى ئاز يېيىش، سېمىز گۆش... شاكىلات، سېرىق ماي، شېكەر ۋە ھايۋانلارنىڭ... ئىچكى ئەزاسى قاتارلىق شېكەر، ماي، خولېستېرىن... تەركىبى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرنى... يېمەسلىك كېرەك.

2. ئىششارلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يېيىش... ئادەتتىكى ئەھۋالدا نورمال كىشىلەرنىڭ قان... سۇيۇقلۇقىدا ئىششار تەركىبى تۆۋەن بولىدۇ... كىسلاتالىق يېمەكلىكلەرنى ئۇزاق مۇددەت... ئىستېمال قىلغاندا قان سۇيۇقلۇقىنىڭ كىسلاتالىق، كاربون IV ئوكسىدلىق تەركىبى ئېشىپ كېتىپ، قان تومۇرنىڭ قېرىشىنى تېزلىتىدۇ. ئىششارلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك يېگەندە، قاندىكى كىسلاتالىق ماددىلار نورماللىشىدۇ - دە، قان...



## بۆرەك تېشى بيا...

ئادەتتە، دوختۇرلار بۆرەك تېشى... بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا سۇيۇقلۇقنى كۆپ... ئىستېمال قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ... ئەمما ئامېرىكا تېببىي خادىملىرىنىڭ... تەتقىقاتى ئوخشاش بولمىغان... سۇيۇقلۇقنىڭ بۆرەك تېشىنىڭ ئالدىنى... ئېلىش ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدى... غانلىقى، بەزى سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئەكسى... كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرىدىغانلىقى... كۆرسىتىلگەن.

تەتقىقاتچىلار 6 يىل ۋاقىت سەر...

## قىزلار سەمىگە...

قول سومكىسى كۆتۈرگەندە. قەددىڭىزنى رۇسلاپ، بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قورسىقىڭىزنى ئىچىگە تارتىپ، ساغرىڭىزنى چىقىرىپ، قەدىمىڭىزنى كىچىك ئېلىپ مېڭىڭ.

يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئالغاندا: مەيلى كۆڭلەك ياكى شىم كىيىڭ، تىقىمىڭىزنى ئېگىپ، ئىككى تىزىڭىزنى جۈپلەپ ئاستا زوڭزىيىپ ئېلىڭ.



ئورۇندىن تۇرغاندا. بىرەر دوستىڭىزنى يوقلاپ بېرىپ خوشلىشىپ قايتقىنىڭىزدا ئورنىڭىزدىن تېز تۇرماڭ چۈنكى بۇنداق قىلسىڭىز ھەرىكىتىڭىز قوپال كۆرۈنۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن سول قولىڭىز بىلەن ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ، بىر پۇتىڭىزنى ئارقىغا ئېلىپ ئاستا تۇرۇڭ.

ئۆيگە كىرگەندە. ئىشىكنى ئۆرۈلۈپ ياپماستىن بەلكى كىرگەن قىياپىتىڭىزنى ساقلاپ ئامال بار يېنىك، ئاۋاز چىقارماي يېپىڭ. (02)

(نۇرگۇل روزى . ت)

## بىر نەچچە خىل جىددىي تەدبىر

△ ئائىلىدە بالىلاردا كۆرۈلىدىغان ئەڭ ئېغىر ھادىسىلەرنىڭ بىرى، بالىلارنىڭ غەيرىي نەرسىلەرنى يەپ قويۇپ نەپەس يولى توسۇلۇپ (تۇنجۇقۇپ) قېلىشتۇر. بۇنداق ۋاقىتتا بىر قولنى بالىنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، دۈم ياتقۇزۇپ، يەنە بىر قول بىلەن چىقىرىۋېتىش كېرەك.

△ ئادەتتە بىرەر يېرى قاناپ كەتسە، دەرھال قانىغان ئورۇننى بىۋاسىتە قاتتىق بېسىپ قاننى توختىتىش، ئاندىن مىكروبسىز داكا ياكى پاكىز لاتا بىلەن تېڭىپ قويۇش كېرەك. بىلەك ۋە پۇتلار قاناپ كەتكەندە قاننىڭ كۆپ ئېقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈرەكتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تېڭىش كېرەك. كۆيۈپ سۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغاندا سۇلۇق قاپارتمىنى يېرتىۋەتمەسلىك، يۇز مېيى، چىش پاستىسى دېگەنلەرنى سۈرمەسلىك كېرەك. تېرە 3- دەرىجىلىك كۆيگەندە شۇ ئورۇندىكى كىيىم - كېچەكنى سېلىۋەتمەي، مىكروبسىز ھالەتتە دوختۇرغا ئېلىپ بېرىش كېرەك.(02)



(ئىجاد جامالىدىن. ت)

## ...ستۇرۇش ئامىللىرى

تۇمۇرنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3. تەنھەرىكەت ئويناش. ھەر كۈنى يېرىم سائەتتىن 30 كۈن تەيجى گۇڭپىسى ئوينىسا، ئادەم تېنىدىكى يۇقىرى زىچلىقتىكى ياغ ئاقسىلى كۆپىيىدۇ. بۇ خىل ياغ ئاقسىلى قان تومۇر دىۋارلىرىغا تىنىپ قالغان، ئارتېرىيە قېتىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆۋەن زىچلىقتىكى ياغ ئاقسىلنى تازىلاپ، ئارتېرىيە قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. (02)

(نىغمەت. ت)



## ...ن ئاغرىغۇچىلار

قىلىپ 45 مىڭ 289 نەپەر ئەر كىشىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، بىر كېچىدە بىر ئىستاكان سۇ(ئامېرىكىدا بىر ئىستاكان سۇ تەخمىنەن 230 گىرام) ئىچسە بۆرەك تېشىنىڭ ئۆسۈش خەۋپى %4، ئوخشاش ئۆلچەمدە قەھۋە ئىچسە %10،چاي ئىچسە %14، پىۋا ئىچسە %21، قورۇق ئۈزۈم ھارىقىدا بولسا% 39 تۆۋەنلەيدىكەن.(02)

(نىغمەت. ت)

ئەگىلىپ قىلسا سالام مەككار ئىكەن بىلمەپتىمەن،
قاش ئېتىپ ئوينىتسا كۆز ھېييار ئىكەن بىلمەپتىمەن.
قەدرىدانىم ئۆلتۈرۈشنى جان-جىگەر دوستۇم دېسە،
يەڭ ئىچىدە خەنجىرى تەييار ئىكەن بىلمەپتىمەن.
گاھىدا بازغان ئۇرۇۋدۇم گاھىدا باستىم كۆرۈك،
ئوتتا تاۋلاپ كۆرمىگىچ قورچىمۇ-تۆمۈر بىلمەپتىمەن.
ئايلىنىپ باغلار ئارا قازدىم باھاسىز تاشنى مەن،
ئۆتسە زەرگەر بولمىغاچ ئالتۇنمۇ-مىس بىلمەپتىمەن.
ئەمدى تاپتىم ئاخىرىدا چىن ۋاپادار دوستنى مەن،
ئاغرىتىپ ئېيتقان سۆزنىڭ مەنىسىن بىلمەپتىمەن.
كۆزلىرىمگە ماي تولۇپ ئەكسىچە كۆرگەن چاغلىرى،
ئىچىنىپ تىكەن كۆزنىڭ زەردىسىنى بىلمەپتىمەن.

سەيپىدىن ئەزىزى

جاھان باقىي ئەمەس لوقمان چىغدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر بۇ تاماشاگە نەزەر ھەتتا ئەگەر چىڭگىزخان،
كېلىپ كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھېساب كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا كېچەر دۇنيا قۇتلاغلىق سۆزدە قۇران،
ئۆمۈر تىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى

ئا. ئۆتكۈر شېئىرى





ھۆسنخەتلەرنى قۇدرەت قۇربان يازغان.

ئىلمگە باغلىساڭ چوڭقۇر ئىشتىياق،
قەلبىڭنى يورۇتار بولۇپ نۇر-چىراق.
زېرىكمەي ئىزدىنىپ قىلساڭ تەپەككۇر،
ھاياتتا بىر ئۆمۈر تاپىسەن روناق.

ئەزىز سايت



توكيودىكى پادىشاھ سارىيى مەيدانى

# بۈگۈنكى ياپونىيە. «پادىشاھ سامۇرايلىرى» قانداق ياشايدۇ

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## 5. ياپونىيىدە ئادەملەر

مەزكۇر ماقالەمنىڭ ئالدىنقى بۆلەكلىرىدە ياپون مىللىتىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئاز - تولا مەلۇمات بەرگەن ۋە ياپونلارنىڭ سەل ۋىجىك، ئوتتۇرا بوي (جۇڭگولۇقلارنىڭ بوي ئۆلچىمىدە) كېلىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. دەرۋەقە، زىيارىتىمىزنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ياپونلارنىڭ بوي-بەستىگە قاراپ ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇۋالالمىغان ھالدا سەپەرداشلىرىمدىن: «2 - جاھان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئاسىيانىڭ شەرقىنى ھەتتا يەر شارىنىڭ يېرىمىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتكەن ياپونلار مۇشۇ ياپونلارمىدۇ» دەپ سورىغانمۇ بولدۇم. بىراق، ياپونىيىدىكى 10 نەچچە كۈنلۈك كۆزىتىشلىرىمدىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى، ئادەملەرنىڭ ئىرقى، بوي - بەستى، چىراي - تۇرقى بىرەر مىللەتنىڭ، بىرەر ئەلنىڭ تەرەققىياتىدا ھەرگىز ھەل قىلغۇچ ئامىل بولالمايدىكەن. ئۆزلىرىنى «ئارىيان ئىرقى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئىرق» دەپ جار سالغان گىتلېر ناتسىستلىرىنىڭ 2 - جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا تارىخ سەھنىسىدىن ئۆزىل - كېسىل سۈپۈرۈپ تاشلانغانلىقى، ئارىيان ئىرقىدىكى مىللەتلەردىن كۆپ ۋىجىك ۋە پاكار بولغان ياپون مىللىتىنىڭ نەچچە 10 يىللىق تىرىشىش نەتىجىسىدە خېلى داڭدار بىر مىللەتكە ئايلانغانلىقى بۇنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. سىنىڭ سۇ مۇنارىسىدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بوي - بەستىڭ بولغان بىلەن سەندە ئۈيۈشۈش، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، توختاۋسىز ئىلگىرىلەش روھى بولمىسا بىرەر مۆجىزىنى روياپقا چىقىرىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداقتا، ياپونلارنىڭ يۈزەكى كۆرۈنۈشى ۋە ئىش ھەرىكەتلىرى قانداقراق؟

ياپونلارنىڭ كۆپىنچىسى پىلاش كېيىپ، بىر قولىنى پىلاشىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە بىر قولىدا سومكا (ئەرلەر ئەرچە، ئاياللار ئايالچە) كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرەشتىن ئاران - ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋاتقان ئادەمدەك، گەۋدىسىنى سەل ئالدىغا تاشلاپ، تېز- تېز قەدەم بىلەن ماڭىدىكەن. ئىككى يېنىغا قارىماسلىققا قەسەم ئىچكەندەك، پەقەت ئالدىغىلا كۆز تاشلايدىكەن. يول بويلىرىدا ھاڭۋاقتىلارچە ئۇياق - بۇياق قاراپ يۈرگەنلەرنى، بىر يەردە توختىۋېلىپ پاراڭ سېلىشىۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

ياپونىيىدە ۋوگزال، ماگىزىن ۋە باشقا جامائەت مۇئەسسەسەلىرىدە چۈشىدىغان ـ چىقىدىغان پەلەمپەيلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سىرىلما توك پەلەمپىيى ئىكەن، مەيلى قانداق پەلەمپەيلەردە بولمىسۇن، ئادەملەر پەلەمپەينىڭ سول تەرىپىدە تۇرىدىكەن، پەلەمپەينىڭ سۈرئىتىگە قانائەت قىلمىغان ياپونلار ئوڭ تەرەپ بىلەن چىقىپ، چۈشۈۋېرىدىكەن. پەلەمپەيمۇ ماڭىدىكەن، ئادەممۇ ماڭىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى بىر باراۋەر تېجەپ قالىدىكەن.

قىسقا يوللۇق ۋە ئۇزۇن يوللۇق پويىزلاردا پويىزغا چىققان ياپونلارنىڭ كۆپىنچىسى ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ كىتاب ـ ژۇرنال كۆرىدىكەن. بەزىلىرى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ مۇزىكا ئاڭلايدىكەن، يەنە بەزىلىرى بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ ئۇخلاپ كېتىدىكەن. قىزىق يېرى، بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشامدۇ ياكى ئادەت شۇنداقمۇ، ئۇلار يانمۇ ـ يان ئولتۇرغان تەقدىردىمۇ ئۆزئارا بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلاشمايدىكەن. جىددىيلىك ۋە ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايلىرىدىن كۈلكە ياكى تەبەسسۇم دېگەنلەرنى كۆرگىلى بولمايدىكەن.

بىز توكيونىڭ خېلى ئاۋات بىر يېرىدە كېتىۋېتىپ تۇۋرۇكلۇك ئېگىز يول ئاستىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. بىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقان لى جۈيخۇي ئەپەندى يول ئاستىدىكى بىكار يەردە قاتار تىزىلىپ كەتكەن مەپە چوڭلۇقىدىكى قەغەز ساندۇقلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ توكيودىكى ئالاھىدە بىر كۆرۈنۈش، ئاۋۇ ساندۇقلارنى تاشلىۋېتىلگەن بىكار ساندۇقلارمىكىن دەپ قالماڭلار، ماگىزىنلاردىن چىقىرىۋېتىلگەن كىچىك قەغەز ساندۇقلارنى تەكشىلەپ، شوينا ئارقىلىق تىكىپ تەييارلانغان بۇ قەغەز ئۆيلەردە ئادەملەر تۇرىدۇ» دېدى. يېقىن بېرىپ قارىۋېدۇق، بۇ يوغان قەغەز ساندۇقلار راستىنلا ئادەملەرنىڭ ئولتۇراق «ئۆي»لىرى ئىكەن. بۇ قەغەز ئۆيلەرنىڭ تۆت تەرىپىگە ئاجايىپ ـ غارايىپ رەسىملەر، شەكىللەر، ھەتتا غەلىتە ئاياللارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلۈپتۇ. ھەمراھ بولغۇچىنىڭ دېيىشىچە، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولغان بۇ ئەلدە بەزى كارخانا، زاۋۇت، بانكىلار بىر كېچىدىلا ۋەيران بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنداق كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرىمۇ بارلىق تەئەللۇقاتىنى قەرزگە ھېسابلاپ بېرىپ، گاڭگىسا جىسا بولۇپ كوچىدا قالىدىكەن. ھۆكۈمەتنىڭ نەپىقە، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تارماقلىرى گەرچە بۇنداقلارغا ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشسىز قالغان گراژدانغا ھەر ئايدا 80 مىڭ يىن (خەلق پۇلىغا نىسبەتلەشتۈرگەندە 5400 يۈەن ئەتراپىدا) قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە بىر يۈرۈش ھەقسىز ئۆي بېرىپ تۇرسىمۇ، (بۇنداق پۇل ۋە ئۆيلەر ئۆي ئىگىسى مەلۇم كىرىمى بار ئىش تاپقان ھامان تەمىنلەشتىن توختىتىلىدىكەن) ئۇلارنىڭ شەھەر چېتىگىرەك جايلاشقان قۇتقۇزۇش ئۆيلىرىدە ئولتۇرغۇسى كەلمەيدىكەن. قەغەز ئۆي كىچىك بولغىنى بىلەن ئۆي ئىچىدىكى ئورۇن ـ كۆرپە ۋە ئاددىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى خېلى رەتلىك قويۇلغانىكەن. بۇ كىشىلەر مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاچقا، مۇھىم گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولىدىكەن ۋە مۇشتەرى بولغان گېزىت ـ ژۇرناللىرىنى مۇشۇ قەغەز ئۆيلەرگە ئەكەلدۈرۈپ كۆرىدىكەن.

مەن توكيودىكى بۇ «مۆجىزە» گە قىزىقىپ بۇ قەغەز ئۆيلەرنى يىراقتىراق تۇرۇپ سۈرەتكە ئالدىم. بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، بىر قەغەز ئۆينىڭ ئىشىكىنى قايرىپ ئاپپاراتىمنى ئۆي ئىچىدە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان 50 ياشلاردىكى بىر كىشىگە توغرىلىۋېدىم، ئۇ كىشى دەرھال يۈزىنى توسۇۋالدى ۋە قولىنى پولاڭلىتىپ، نېمىلەرنىدۇ دەپ مېنىڭ بۇ «قوپال» ھەرىكىتىمگە ئېتىراز بىلدۈردى. مەنمۇ باشقىلارنىڭ «مىللىي غۇرۇرى» غا تېگىپ قويغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىپ بۇ يەردىن دەرھال يىراقلاشتىم.

بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك كۆزىتىشلەرگە ئاساسلانغاندا، ياپونىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بەكمۇ تېز ئىكەن. ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى توي قىلغاندىن كېيىن خىزمەتتىن توختاپ ئۆي ئىشلىرى

بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەچكە، يۇقىرى ئىستېماللىق ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ھازىرلاش ۋەزىپىسى بىۋاسىتە ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە چۈشىدىكەن. بىر كۈننىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئىش ۋاقتى ئۇلارنى ئۆيدىنلا چارچىتىپ قويىدىكەن. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان شىنجاڭلىقلارنىڭ ۋە بىز كۆرۈشكەن ياپونلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ياپون ئەرلىرى كەچ كىرىپ ئىشتىن چۈشكەن ھامان تۆت - بەشتىن بولۇپ ئۇدۇل قاۋاقخانىلارغا چۈنەيدىكەن. قاۋاقخانا ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئۈچ-تۆت سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىدىكەن. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئاياللىرىمۇ بىر نىمە دەپ كەتمەيدىكەن. چاقچاق قىلدىمۇ، ياكى راست دەۋاتامدۇ بىلمىدىم، بىر ياپونلۇق ئەر: «ئەگەر ئىشتىن يېنىپ ئۇدۇل ئۆيگە بارساق، ئاياللىرىمىز بىزدىن خاپا بولىدۇ، بىرەر رومكا ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلغۇدەك يېقىن ئۆتىدىغان ئىشداشلىرىڭ يوقكەن، ئىشداشلىرىڭ بىلەن ئەپ ئۆتمەيدىكەنسەن دەپ ئەيىبلەيدۇ» دېدى. يەنە بىر ياپون: ئەگەر ئۆيگە بەك كەچ قايتىپ قالساق، ئايالىمىزغا باشلىق بىلەن ھاراق ئىچتۇق، دەپ قويساقلا ئىش پۈتىدۇ. ئۇ چاغدا ئايالىمىز بىزنى باشلىقى ئالدىدا ئىناۋەتى، يۈزى باركەن، دەرىجىسى ئۆسۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلايدۇ- دە، خوشال بولۇپ كېتىدۇ، دېدى.

يۇمۇرلۇق ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر چاقچاق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمەلىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ياپونىيىنى ۋە ياپونلارنىڭ ئادىتىنى ئەتراپلىقراق كۆزەتكەندە بۇ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەت بولۇشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. بۇنداق يەكۈن چىقىرىشىمىدىكى سەۋەب شۇكى، زىيارىتىمىزنىڭ 5- كۈنى بىز بىرنەچچە سەپەرداش ۋە توكيو مەدىنىيتسانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئەركىن ئېلىمىز خەلقى بىلەن دوست ئۆتىدىغان، شىنجاڭدا، جۈملىدىن خوتەندە بىر قانچە قېتىم ساياھەتتە بولغان چىنە- تەخسە سودىگىرى سۇنتىيەن ئەپەندى ھەم ئۇنىڭ خانىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر ۋاخ تاماقتا بىللە بولدۇق. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن گىنزا رايونىدىكى قاۋاقخانىلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. قاۋاقخانا ئانچە چوڭ بولسىمۇ، چىرايلىق بېزەلگەن ئىكەن. قاۋاقخانا خوجايىنى 50 ياشلاردىكى بىر ئايال بولۇپ، مەيلى خوجايىن ۋە مەيلى كۈتكۈچى قىزلار بولمىسۇن، ھەممىسى چېچىنى تېپىك ياپون پاسونىدا ياساپ، ياپونچە كىيىنگەن ئىكەن. بەلكى ھېلىقىدەك ئىشتىن ئۇدۇل بۇ يەرگە كەلگەن خىزمەتچى، ئىشچىلار بولسا كېرەك، رەتلىك كىيىنگەن بىر قانچە ئەركەك خىزمەت سومكىسىنى يېنىدا قويغان پېتى كۆممە قوناق پاقپىقى، گازىر، قورۇتۇلغان بېلىق قاتارلىقلارنى زاكۇسكا قىلىپ ۋىسكى ئىچىۋېتىپتۇ، گەرچە ئۇلار كۈتكۈچى قىزلار



ئاپتورنىڭ يېنىدا ئاددىي كۆزلۈك كىيىم كىيىۋالغان ئوساكا ئاياللىرى

بىلەن يانمۇ ـ يان ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ھەرىكەتلىرىدە كۆزگە سىغمايدىغان (بىزنىڭ كۆزىمىزگە) ناشايانلىق يوق. نېمە دېيىشىۋاتقىنىنى زىنھار ئۇقمىساقمۇ، لېكىن خىزمەت سومكىسىنىڭ يېنىدىلا تۇرغىنىغا قاراپ ئۇلارنى ئىش ئورنىدىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كەلگەن دەپ قىياس قىلغىلى ۋە ئاڭلىغانلىرىمىز بىلەن باغلاپ قارىغىلى بولىدىكەن.

## 6. ياپونىيىدە ئىستېمال

ياپونىيىگە مېڭىش ئالدىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىزگە ياپونىيىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قەيت قىلىنغان بىر ئەسلەتمىنى تارقىتىپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭدا ياپونىيىدىكى مال باھاسى ئامېرىكىدىكى ئوخشاش مالنىڭ باھاسىدىن 3 ھەسسە يۇقىرى دېيىلگەنىكەن. بىز بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي سەپەرگە ئاتلاندۇق ۋە توكيوغا قەدەم تاشلىغان تۇنجى كۈنىلا بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدۇق.

ئەمدى گەپنى كۈندىلىك يېمەكلىكلەردىن باشلايلى:

بىز چۈشكەن مېھمانخانا توكيو شەھىرىنىڭ ئونىيو رايونىغا جاشلاشقان «ھەپتىلىك مېھمانخانا» بولۇپ، كۆلىمى سەل كىچىكرەك بولغان بۇ مېھمانخانا ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەپتىلىك مېھمانخانا ئىكەن. بۇ يەرگە چۈشكەن مېھمانلار جەزمەن بىر ھەپتىدىن ئارتۇق تۇرۇشى لازىم ئىكەن. ياتاقلىرى كىچىكرەك، لېكىن سەرەمجانلىرى تولۇق بولۇپ، مېھمانلار ئۆز ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالىدىكەن، ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتىن تارتىپ، ياتاق تازىلاشقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېھمانلار ئۆزى قىلىدىكەن. مەخسۇس خىزمەتچى خادىم قويۇلمايدىكەن.

گەپنىڭ قىزىقى بۇ يەردىكى، بۇ مېھمانخانىنىڭ ياتاقلىرىدا مەخسۇس بىر تام ئىشكاپى بولۇپ، ئىشكاپقا مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، ئاشتاختا، قازان -قومۇچ، نوگاي، چىنە ـ قاچا، پىچاق دېگەندەك ئاشخانا سايمانلىرى قويۇلغانىكەن. ياتاقتا ياتىدىغانلار تاماق ئېتىپ يېسىمۇ بولىدىكەن.

توكيو ئاشخانىلىرىدىكى بىر قاچىسى 1000 يېنىغا (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 65.8 يۇەن) توختايدىغان تېز تاماقتىن (ياپونىيە تەرەپ ئورۇنلاشتۇرغان. بىر چۆمۈچ ئاق گۈرۈچ ئېشى، بىر چۆمۈچ قورۇلغان كالا گۆشى، بىر چۆمۈچ خام سەي، بىر چۆمۈچ كۆكتات شورپىسىدىن ئىبارەت تاماق). سەپىرىمىزنىڭ 2 ـ كۈنىلا زېرىكتۇق ۋە قەشقەردىن كەلگەن سەپەرداشىمىز ئابدۇنەبىجان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر كۈنى بىر ۋاخ تاماق ئېتىپ يەيدىغان بولدۇق. توكيودىكى كىچىكرەك بىر يېمەكلىكلەر ماگىزىنىغا كىرىپ، شەرەت قىلىپ يۇرۇپ كالا گۆشى سېتىۋالدۇق. قالغان خام ماتېرىياللارنى بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تاللاپ ئالدۇق. ئەگەر توكيودا بولماي ئۈرۈمچىدە ياكى قەشقەردە بولغان بولساق، بۇ خام ماتېرىياللارنىڭ باھاسىغا قاراپلا ھوشىمىزدىن كەتكەن بولار ئىدۇق. بىز سېتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ تەخمىنىي باھاسى مۇنداق: ئىككى باش پىياز (نېپىز سۇلياۋ قەغەز بىلەن قاپلانغان): 220 يېن (خەلق پۇلىغا 14 يۇەن)، ئىككى باش سەۋزە (سۇلياۋ بىلەن قاپلانغان، يۇيۇلغان، قىرىلغان): 300 يېن (خەلق پۇلىغا 9.44 يۇەن). بىر تۇتام پالەك (سۇلياز بىلەن قاپلانغان، يۇيۇلغان، ئاقلانغان): 180 يېن (خەلق پۇلىغا 11.16 يۇەن). بىر كىلوگرام گۈرۈچ (بىر خالتا): 320 يېن (خەلق پۇلىغا 20.20 يۇەن). بىر تۇخۇم: 180 يېن (خەلق پۇلىغا 10.58 يۇەن) ۋەھاكازالار. بۇ يەردىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ماگىزىنىدىن ھەرقانداق نەرسە تېپىلغىنى ئۈچۈن بىز يەنە پۇرچاق مېيى، لازا مېيى، كاللەك بەسەي، ئاچچىقسۇ، تۇز دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ سېتىۋالدۇق. تېخ

ئەگەر ياپونىيىدە ئىشلەنگەن ھەر خىل ئائىلە



توكيودىكى «ھەپتىلىك مېھمانخانا» نىڭ ياتىقىدا

ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ياپونىيە بازارلىرىدىكى باھاسى جۇڭگودىكى بىلەن ئوخشاش ياكى سەل قىممەت دېيىلسە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەلكى ئىشەنگۈسى كەلمەس. ئەمما بۇ گەپنىڭ ھەرگىز مۇبالىغە قىلىنغان يېرى يوق. بەزى ئوقۇرمەنلىرىمىز يەنە: ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان نەرسىلەرگە جۇڭگو تاموژنىسى خېلى يۇقىرى باج قويىدىغان تۇرۇقلۇق، جۇڭگو بازارلىرىدىكى مال باھاسى قانداقسىگە ياپونىيىدىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دەپ سورىشى مۇمكىن. دەسلەپتە مەندىمۇ شۇنداق سوئال تۇغۇلغاچقا، خەۋەردار كىشىلەردىن سورىدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ياپونىيە ئۆز ماللىرىنىڭ چەت ئەللەردە بازار تېپىشى ۋە تېز سېتىلىشى ئۈچۈن ماللىرىنى خېلى ئەرزان باھادا ئېكسپورت قىلىدىكەن، يۇقىرى ھال بىزنىڭ بىر سانتانا پىكاپىنى جۇڭگو بازارلىرىدا 120 – 130 مىڭ يۈەنگە سېتىپ، چەت ئەللەرگە 8000 – 9000 دوللارغا (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 70 – 80 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدۇ) ساتقىنىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن.

ياپونىيىدە يېمەك - ئىچمەك، ئېلېكتىر سايمانلىرى قىممەت بولۇپلا قالماي، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ھەر قانداق تاۋارمۇ قىممەت بولىدىكەن. ئەرلەرنىڭ ياپونىيىدە 2 - دەرىجىگە ياتىدىغان (بىزدىكى 1 - دەرىجىلىك ياگور، شىچى قاتارلىق داڭلىق كىيىملەرگە تەڭ تۇرىدۇ) بىر قۇر شىم-كاستۇم خەلق پۇلىغا 4000 يۈەنلەرگە توختايدىكەن.

مەن نارا شەھىرىدىكى بىر ساياھەت رايونىدا كېتىۋېتىپ، بىر ياپون بوۋاينىڭ يول بويىدا ناھايىتى ئوبدان پىششۇرۇلغان تاتلىق ياڭيۇ سېتىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى ۋە سەپەرداشلىرىم قاتارىدا 200 گرام كەلگۈدەك بىر تاتلىق ياڭيۇ سېتىۋالدىم. بۇ ياڭيۇ ئۈچۈن 370 يېن (خەلق پۇلىغا 24.55 يۈەن) تۆلىگەن چېغىمدا دەرھال ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا باللار بىر يۈەنگە بىردىن ئېلىپ يەيدىغان ساپسېرىق تاتلىق ياڭيۇ يادىمدىن كېچىپ قالدى.

بىراق، ياپونىيىدىكى مال باھاسىدىن يەرلىك ياپونلار ئانچە چۆچۈپ كەتمىسە كېرەك. چۈنكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا مال باھاسى شۇ يەردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ كىرىم ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ياپونىيىلىكلەر بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ كىرىم پەرقى قانچىلىك چوڭ بولسا، ياپونىيىدىكى مال باھاسى بىلەن جۇڭگودىكى مال باھاسىنىڭ پەرقىمۇ جەزمەن شۇنچىلىك چوڭ بولۇشى كېرەك.

ئۇنداقتا ياپونىيىلىكلەر ئىستېمالغا قانداق مۇئامىلىدە بولىدۇ؟ مەزكۇر ماقالەمنىڭ باش قىسمىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ياپونلار كىيىنىشتە بەك قېتىپ،



**توكيودىكى ئاسما كۆۋرۈك ئاستىدىكى «ساندۇق ئۆي» لەر**

غادىيىپ كەتمەيدىكەن، بىراق ئادەتتىكى كۈنلەر بىلەن بايرام كۈنلىرىنى، ئۆي بىلەن ئىدارىنى، ساياھەت مۇھىتى بىلەن ئىش مۇھىتىنى پەرقلەندۇرۇپ كىيىنىدىكەن، بىز كوچا ـ كويلاردا، سەيلى ـ ساياھەت ئورۇنلىرىدا ياپونلارنىڭ بەكلا ئاددىي كىيىنگىنىنى، ئەمما بىز زىيارەتتە بولغان مەكتەپ، كارخانا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئۇلارنىڭ سىۋارىسىغا بىگى كاستۇم كىيىپ، چىرايلىق گالستۇكلەرنى تاقىۋالغىنىنى كۆردۇق. بۇ ھال بىزدىكىدەك، توي ـ تۆكۈن، تالا ـ تۈزدە ئەڭ ئوبدان كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان، ئىشخانا، ئورگانلارغا ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىپ كېلىدىغان ئادەتنىڭ تامامەن تەتۈرىسىچە ئىكەن.

بىز خېلى ـ خېلى رېستورانلاردا بولغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ يەردە بىرەر جوزىلىق مېھمان چاقىرغان، ئالدىغا ئونلاپ قورۇمىنى تىزىۋېلىپ ھاراق ئىچىدىغان كۆرۈنۈشنى زادىلا كۆرمىدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ياپونلار ئاساسەن تەييار يېمەكلىككە ئۆگىنىپ كەتكەنىكەن. ئىشداشلار ياكى دوست ـ بۇرادەرلەر تاماقتا بىر يەرگە كېلىپ قالسىمۇ، ھەتتا بىر ـ بىرىنى چىللاپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆز تامىقىنى ئۆزى يەيدىكەن، بەزىدە پۇلىنىمۇ ھەركىم ئۆزى تۆلەيدىكەن. ھۆكۈمەت تەرەپ پارلامېنت يىغىنى ئۆتكۈزسىمۇ، تاماق ۋاقتىدا بىر كىشىگە بىر بۇرۇشتىن تەييار تاماق تارقىتىپ بېرىلىدىكەن، تاماقنى ئۆرە تۇرۇپ يەپ بولۇپلا يىغىننى داۋام قىلىۋېرىدىكەن. بۇ ئارقىلىق بۇزۇپ ـ چېچىشتىن، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىدىكەن.

مېنىڭ: «ياپونلار پۇلنى شۇنچە كۆپ تاپىدىكەنۇ. يا كىيمىسە، يا ئىچمىسە، بۇ پۇلنى نەگە خەجلەيدىغاندۇ» دېگەن سوئالىمغا بىر خەۋەردار ئەرباب: «ئۇلار پۇل تاپقان بىلەن يەنە پۇل تېجەشنىمۇ بىلىدۇ. خەجلەشنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. پەيتى كەلسە تاپقان پۇلنى قايسى بىر شىركەتكە پاي قىلىپ قوشىدۇ، پاي چېكى سېتىۋېلىپ پۇلنى دومىلىتىدۇ، پەيتى كەلسە چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

سەپەرۋاداشلىرىمىز ياپونىيىگە بىر قانچە مىڭ دوللاردىن پۇل ئېلىۋېلىشقان بولسىمۇ، بەزىلەر ئۇ يەردىن ئانچە كۆپ نەرسە سېتىۋالمىدى. ئۇلار: «ياپونلار شۇنچە باي تۇرۇقلۇقمۇ پۇلنى بۇزۇپ چاچمايدىكەن، كىيىنىشى، يېمەك ـ ئىچمىكىمۇ بىزنىڭكىدىن ئاددىي ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، پۇلنى قايتۇرۇپ كېتىپ، بالىلىرىمىز ئۈچۈن خەجلەيلى، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەيلى» دېيىشتى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

## دوستۇم، تۇرمۇشنى چۈشىنەمسىز

تۇرمۇش - بىر پارچە يېزىقسىز كىتاب، ئۇنى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقۇش ئۇسۇلى بولىدۇ؛ تۇرمۇش - يەشكىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە، مەيلى سەن قانداق ھېسابلىما، ھەممىسى ئەجىر - مېھنەتتىن ئىبارەت.

تۇرمۇشنىڭ ئاددىيلىقى شۇ يەردىكى — مەيلى كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن ھەممىسىنىڭلا غەم - قايغۇسى بولىدۇ؛ تۇرمۇشنىڭ ئاداۋەتخورلۇقى شۇ يەردىكى - سەن ئۇنى ئالدىساڭ ئۇ سەندىن ھېساب ئالماي قويمايدۇ؛ تۇرمۇشنىڭ سىرى شۇ يەردىكى - ئادەم تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ، تۇرمۇشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئەگەر پەقەتلا ياخشى يېيىش، ياخشى كىيىش، ياخشى ئويناشنىلا تۇرمۇش دېسە، ئۇنداقتا بۇ بىر چوڭ ئۇقۇشماسلىق بولغان بولىدۇ.چۈنكى تۇرمۇش بىر خىل كەچۈرمىش، بىر خىل تۇيغۇ، بىر خىل سېزىم ۋە بىر خىل قەلب ئەينىكىدۇر.

ئادەمنىڭ بىچارە يېرى شۇكى - ئۇ تۇرمۇشنى ھەقىقىي چۈشەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ئاخىرلىشاي دەپ قالىدۇ؛ قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتا، تۇرمۇش ئەكسىچە ئۆز لەززىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەمىشە ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ باشقىلارغا ۋە تۇرمۇشقا لايىقلىشىدۇ. شەخسىيەتچى كىشىلەر دائىم باشقىلاردىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەرلەر تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشەنگەنلىكتىن كۆپىنچە بىپەرۋا كېلىدۇ؛ ئاياللار تۇرمۇشنىڭ كىچىك ھالقىلىرىنىمۇ سەل قارىمايدۇ، شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا زىل ۋە ئەستايىدىل كېلىدۇ؛ ياشلار ئۆزى خالىغانچە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇلار دائىم كونا قائىدىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىدۇ؛ ياشانغان كىشىلەر رىتىملىق ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان ئىشلار دائىم دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ.

بىكارچىلىق - ئىنتايىن زېرىكىشلىك ھاياتتۇر؛ ھېچقانداق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي ئۆتكەن ھايات - قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان ھاياتتۇر؛ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆتكەن ھايات - پالەچ ھاياتتۇر؛ تېگىرقاش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات - ئىلاجىسىزلىقتا قالغان ھاياتتۇر.

ئېتىقاد - ھاياتنىڭ تۈۋرۈكى، پەقەت «ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەنگە ئىشەنگەندىلا، ئازاب - ئوقۇبەت ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تۇغۇلغان ئادەمنىڭ تۇمەن خىل ياشاش ئۇسۇلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەمنى بىر خىل ئۇسۇلدا ياشاشقا مەجبۇرلىماسلىق كېرەك. بولمىسا تۇرمۇش خىرەلىشىپ كېتىدۇ.

ھاياتنى سۆيۈش ئۈچۈن چوقۇم تۇرمۇشنى سۆيۈش كېرەك؛ تۇرمۇشنى سۆيگەندىلا ئاندىن ھاياتنى سۆيگىلى بولىدۇ.(04)

(«يەن - تېخنىكا گېزىتى»دىن تۇرسۇنگۈل تەييارلىغان)



## ئۇنتۇلغۇسىز ئىش

يازلىق تەتىلدە بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى يېزىدىكى ئائىلىسىگە بېرىپتۇ. دادىسى سوراپتۇ:

— ئوغلۇم، ئالىي مەكتەپ ھاياتىڭدا ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئىش قايسى؟

— سىنىپىمىزدىكى قىزلارنىڭ كەينىمگە كىرىۋېلىشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

## توخۇ يۈرەك باتۇر

بىر توخۇ يۈرەك مۇھاپىزەتچى كېچىسى ھاجەتخانىغا يالغۇز بېرىشتىنمۇ قورقۇپ، ئايالىنى بىللە ئېلىپ بارىدىكەن. بىر ئاخشىمى، ئۇ ھاجەتخانىدا ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى ئايالىدىن سوراپتۇ:

— قورقۇۋاتامسەن؟

— نېمىدىن قورقاتتىم!

— يارايسەن، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭدەك بىر باتۇرنىڭ ئايالى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسەن!

## ھاراقنىڭ زىيىنى

ئەخلاق ئوقۇتقۇچىسى: مەن سىلەرگە ھاراقنىڭ زىيىنىنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرمەكچىمەن. ئەگەر ئىككى رومكىغا بىردىن چۇۋۇلچىنى سېلىپ، بىرسىگە سۇ، يەنە بىرسىگە ھاراق قۇيساق، سۇدىكىسىنىڭ ئۈزۈپ يۈرگىنىنى، ھاراقتىكىسىنىڭ دەرھال ئۆلۈپ، لەيلەپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. سىز ئېيتىڭا، بۇ تەجرىبىدىن نېمىنى چۈشىنىۋالدىڭىز؟

ئوقۇغۇچى: چۇۋۇلچىن ئادەم بولمىغاندىكىن، ئۇنى ھېچكىم باشقۇرمايدۇ، شۇڭا ئۇ ھاراقنى خالىغىنىچە ئىچىۋالالايدۇ.

## نارازىلىق

ئاكىسىدىن ئاشقان كىيىملەرنى كىيىپ، ئاكىسى كونىرىتىۋەتكەن ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ زېرىككەن بىر بالا ئانىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاپا، مەن چوڭ بولغاندا ئاكامنىڭ خوتۇنىنى ئالامدىم؟

## ئەخلاق

بالا: دادا، ئەخلاقلىق بولۇش دېگەن نېمە؟

ئاتا: بۇنى مىسال بىلەن چۈشەندۈرەي. ئەگەر دۇكىنىمىزغا بىر خېرىداركىرىپ نۇرغۇن مال سېتىۋالسا، يەنە ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر مۇنچە پۇلنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالساڭ... ھە، بۇ پۇللارنى ئۆزۈڭ تىقىۋالساڭ ئەخلاقسىز بولىسەن، داداڭغا تاپشۇرۇپ بەرسەڭ ئەخلاقلىق بولىسەن.

## كىنو

تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالا تۇنجى قېتىم كىنو كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئانىسى سوراپتۇ:

— ياخشىمىكەن؟

بالا جاۋاب بېرىپتۇ:

كۈلكە دۇنياسى

ـ ياخشىكەن. نېمە دېگەن چوڭ تېلېۋىزور ئۇ! بىراق، قانال يۆتكىگىلى بولمايدىكەن.

**بەسلىشىش**

ئۈچ بالا بايلىق توغرىسىدا بەسلىشىپ قاپتۇ.

بىرىنچى بالا: دادامنىڭ نۇرغۇن ئالماسلىرى بار، ئۇلار ساندۇقتا سېلىقلىق.

ئىككىنچى بالا: دادامنىڭ نۇرغۇن پۇلى بار، ئۇلار بانكىغا قويۇقلۇق.

ئۈچىنچى بالا: دادامنىڭ نۇرغۇن كېيىملىرى بار، ئۇلار كۆرۈخانىنىڭ ئامبىرىدا ساقلاقلىق.

**بولغۇسى ئەر**

موماي نەۋرە قىزىنىڭ بىر يىگىت بىلەن

## كۈلكە دۇنياسى

كىنوغا بېرىشىغا ئۇنىماپتۇ.

موماي: مېنىڭ ياش ۋاقتىلىرىمدا، بولغۇسى ئېرى بولمىسا، قىزلار يىگىتلەر بىلەن كىنوغا بارمايتتى.

نەۋرە قىز: موما، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بۇ يىگىت بىلەن كىنوغا بارسام، ئۇ مېنىڭ بولغۇسى ئېرىم بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

**قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياش**

بىر قىز توي قىلىدىغان چاغدا، دادىسى:

ـ ئۇ يىگىت يامان ئەمەسكەن، سەن چوقۇم بەختلىك بولالايسەن. بىزنىڭ سەندىن ئايرىلغۇمىز يوق، شۇنداق بولسىمۇ، بىز ناھايىتى خۇشال، ـ دەپتۇ.

ـ ئاپامدىن ئايرىلسام بىر كۈنمۇ ياشىيالمايمەن! ـ دەپتۇ قىز يىغلاپ. دادىسى ئالدىراپ سۆزلەپتۇ:

ـ توغرا، توغرا، مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن. سېنىڭ ئازابلىنىشىڭغا ھەرگىز چىدىمايمەن، بالام، توي قىلغىنىڭدا، ئاپاڭنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىۋەر!

**قانۇن**

ئوغۇل: دادا، نېمە ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ بىرلا خوتۇنى بولۇشى كېرەك؟

ئاتا: ھەي، بۇنى چوڭ بولغاندا بىلىۋالىسەن. قانۇن دېگەن ئۆز- ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ.

**ئاجايىپ چۈشەندۈرۈش**

شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يولغا

## كۈلكە دۇنياسى

چىقىش ئالدىدا، بىر يىگىت پويىز بېلىتىدىن بىرنىلا سېتىۋېلىپ قايتىپ كەپتۇ. ئايالى خاپا بولۇپ:

ـ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئىككىمىزگە ئىككى بېلەت ئېلىشىڭ كېرەكقۇ! ـ دەپتۇ. يىگىت دەرھال سەگەكلىشىپ، ئالدىراپ سۆزلەپتۇ:

ـ كەچۈر، مەن سېنى ئويلاۋېرىپ، ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

**مۇۋەپپەقىيەتلىك يىغىن**

— يىغىنىڭلار قانداقراق ئۆتتى؟

— ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بىز كېلەر ھەپتىدە يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىشنى بىردەك قارار قىلدۇق.(08)

(قادىر ئارسلان . ت)

# ئېغىز تازىلىقى ۋە سالامەتلىك

★ ئېلى نىياز سايرامى ★

كونىلاردا «كېسەل ئېغىزدىن كىرىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئېغىزدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم قورغاننى ياخشى قوغدىمىغاندا ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەر ئېغىز ئارقىلىق بەدەنگە كىرىپ هاياتقا ئېغىر تەهدىت سالىدۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىپ بۇ مۇھىم قورغاننى ياخشى بەدەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟

ئېغىز بوشلۇقى دېگىنىمىز، يۇقىرى ۋە تۆۋەنكى ئېڭەكنى گەۋدە قىلغان كالپۇك، تاڭلاي، قوۋۇز، تىل شۇلگەي بەزلىرى ۋە چىشتىن تەركىب تاپقان بىر سىستېمىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە چىشنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپ، چايناش، تەم سېزىش، تاۋۇش چىقىرىشقا ماسلىشىش ۋە چىراي گۈزەللىكى تەكشۈكلۈكنى ساقلاشتەك بىر قاتار نازۇك ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان.

شىنجاڭ دۆنيادىكى ئۆمۈر چولپانلىرى مەركەزلەشكەن تۆت رايوننىڭ بىرى. ئۆمۈر چولپانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ چىشى ناهايىتى ساغلام. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئېغىز تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەهمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. دۆنيا سەھىيە تەشكىلاتى ئېغىز كېسەللىكىنى قان تومۇر كېسەللىكى ۋە راك كېسەللىكى قاتارلىق هاياتقا تەهدىت سالىدىغان ئېغىر كېسەللىكلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، هەر يىلى 9- ئاينىڭ 20- كۈنىنى خەلقئارا چىش ئاسراش كۈنى دەپ بېكىتتى. چۈنكى تارقىلىشچان زۇكام، ئۆپكە تۇبېر-كۇلىيوزى، يۇقۇملۇق جىگەر ياللۇغى قاتارلىق پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دەل ئېغىز ئارقىلىق يۇقىدۇ. مەخسۇس ئېغىز كېسەللىكلىرىدىن چىرىگەن چىش، چىش ئەتراپى ياللۇغى، چىش بوشاش، چىش مىلىكى قاناش، ئېغىز پۇراش، چىش مىلىكى يىگىلەش قاتارلىق كېسەللىكلەر يەنىلا ئېغىز تازىلىقى ناچارلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

چىش چوتكىلاش ئېغىز بوشلۇقى تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ چىشنى ئاسراش، چىش تاجىسى، چىش مىلىكى ئويمان بوشلۇقىدىكى تاماق قالدۇقى هەم چىش كىرلىرىنى شۇنداقلا ئېغىز بوشلۇقىدىكى مىكروبلارنى تازىلاش، چىش چىرىشنىڭ ۋە چىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە مۇھىم رولغا ئىگە. چىش چوتكىلىغاندا تىك چوتكىلاش، ئاستى - ئۈستىگە 6 — 10 قېتىمغىچە قايتىلاش، چىش چوتكىسىنى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، تاماقتىن ئىلگىرى قول يۇيۇش، قاچا-قۇچىلارنى پات- پات دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش لازىم. (04)

(فاتىق شەرىپ فوتوسى)







# بىزنىڭ قەدىمكى پۇللىرىمىز

★ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى ★

تارىختىكى پۇللىرىمىز ھەققىدە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇزاق ئەسىرلەرگىچە دۇنياغا ئۇنچىۋالا مەلۇم بولمىغان ۋە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «سىرلىق رايون»، «يوشۇرۇن ئۆلكە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ خاسىيەتلىك دىيارىمىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا پۈتۈن دۇنيانى، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلارنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. 18 -، 19 -، 20 - ئەسىرلەردە ئۇلار يۇرتىمىزغا ئارقا - ئارقىدىن ئارخېئولوگىيە، ئېكسپېدىتسىيە ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىپ، كەڭ كۆلەمدە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك پۇللار، قوليازما، ھۆججەت - ۋەسىقىلەر ۋە باشقا نادىر، نەمۇنىلىك ماددىي بويۇملارنى تاپتى ھەمدە ئۇنى سانسىزلىغان تۆگىلەرگە ئارتىپ، كارۋان بىلەن ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىپ، ياۋروپا مۇزېيلىرىنى كىشىنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپ بېيىتىۋەتتى. بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆزىگە نىسبەتەن زور قىزىقىش قوزغاۋاتقان بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ پەخرى - ئىپتىخارى ھېسابلانغان قەدىمكى شانلىق مەدەنىيىتى، جەڭگىۋار تارىخى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا خەلقنى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن يۇقىرىدىكى ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈش مەقسىتىدە، باتۇر، ئەمگەكچان ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ياراتقان شانلىق نەمۇنىلىرىمىزنىڭ پەقەتلا بىر تامچىسى بولغان قەدىمكى پۇللىرىمىزنىڭ تېپىلىش جەريانى ھەم تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**1. خوتەننىڭ ئات سۈرەتلىك پۇلى.** بۇ خىل پۇل «خەنزۇچە، كارۇشتىچە پۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىرغىچە يۇرتىمىزدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى پۇل ھەم يۇرتىمىزدا



ئەلگە دەسلەپ ئىشلەنگەن يەرلىك پۇل ھېسابلىنىدۇ.

1875 -، 1899 - يىللىرى ئەنگلىيىلىك خوئېملىي قاتارلىقلار خوتەنگە كەلگەندە، يەرلىك كىشىلەر قولىدىن بۇ خىل پۇلدىن 169 دانىنى (چوڭ خىلدىكىدىن 19 دانە، كىچىك خىلدىكىدىن 150 دانە) يىغىۋالغان.

1907 -، 1913 - يىللىرى، ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن يۇرتىمىزدا كەڭ دائىرىلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا يەكەن تەۋەسىدىن بىر دانە، كۇچا تەۋەسىدىن 10 دانە، خوتەن تەۋەسىدىن 176 دانە جەمئىي 187 دانە (چوڭ خىلدىكىدىن 29 دانە، كىچىك خىلدىكىدىن 158 دانە) تاپقان ھەمدە ئۇنى ئەنگلىيىگە ئېلىپ كەتكەن.

تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە خوتەن رايونىدىن بۇ خىل پۇللار خېلى كۆپ تېپىلغان ھەم كۆپ قىسمى چەت ئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن، مەسىلەن، ھازىر پەقەت ئەنگلىيىدىلا بۇ خىل پۇلدىن 300 دىن كۆپرەكى ساقلىنىۋېتىپتۇ. يەنە مۇقەددەس پېتربورگ ئېرمىتاژ مۇزېيىدا 21 دانە، ھىندىستان پەنجاپ مۇزېيىدا بىر دانە، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا 4 دانە، جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا بىر دانە، لۈشۈن مۇزېيىدا 11 دانە، شىنجاڭ مۇزېيىدا بىر دانە، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا بىر دانە، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا 4 دانە ساقلىنىۋېتىپتۇ.

دەۋر جەھەتتىن خوتەننىڭ ئات سۈرەتلىك پۇلى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن تارتىپ تاكى مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، يەنى ئەجدادلىرىمىز مىلادىيىدىن ئىلگىرى كارۋشتى يېزىقىنى قوللانغاندىن تارتىپ تاكى كارۋشتى يېزىقى ئىستېمالدىن قالغۇچە بولغان 500 – 600 يىللار داۋامىدا ئوبوروت قىلىنغان.

**2. ئۇدۇن قوغۇشۇن پۇلى.** تارىختىكى خوتەن دىيارى بىر مەزگىل «ئۇدۇن» دەپمۇ ئاتالغان بولغاچقا، بۇ خىل پۇلنىڭ نامىمۇ يۇرت نامى بىلەن ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرغىچە دۇنيادا بۇ خىل پۇلدىن پەقەت 7 دانە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 6 دانىسى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا، بىر دانىسى ستوكھولم ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

**3. كۇسەننىڭ 5 جۇلۇق پۇلى.** بۇ خىل پۇل يەنە «خەنزۇچە، كۇسەنچە خەتلىك پۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، پۇلنىڭ بىر يۈزىگە خەنزۇچە «五珠» (بەش جۇلۇق) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئەمما خەتلەر داتلىشىپ ئۇپراپ كەتكەچكە ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. بۇ خىل پۇل ئەڭ دەسلەپتە 1822 - يىللىرى ئەتراپىدا بايقالغان.

**4. كۇسەننىڭ كىچىك مىس پۇلى.** بۇ پۇل ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىك ستەيىن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم بايقالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ياپونىيىلىك ئوتانى كوئولنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كۇچادا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن بۇ خىل پۇلدىن 263 دانىنى تاپقان ھەم ياپونىيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

**5. مارالبېشىنىڭ 5 جۇلۇق پۇلى.** ئەسىرىمىزنىڭ 50 - يىللىرىدا، شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن باشقا ماددىي بۇيۇملار بىلەن بىللە مۇشۇنداق پۇللارنى تاپقان، ئەمما ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ پۇللار داتلىشىپ، چىرىپ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغاچقا، پۇل يۈزىدىكى «五珠» (بەش جۇلۇق) دېگەن 2 خەتتىن باشقا ھېچقانداق ئىزنالارنى پەرق ئەتكىلى بولمىغان.

**6. قۇجۇ قۇت پۇلى.** ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا ياپونىيە ئوتانى كوئول ئېكسپېدىتسىيىسى تۇرپان تەۋەسىدىن بۇ خىل پۇلدىن 3 دانىنى تاپقان، ھازىر بۇلار لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ.

**7. تۈركىش پۇلى.** ھازىرغىچە دۆلىتىمىز ئارخېئولوگلىرى تاپقان تۈركىش پۇلى 20 دانىدىن ئاشىدۇ. ئەڭ دەسلەپ 1904 -، 1905 - يىللىرى گېرمانىيىنىڭ تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى خارابىلىقىدىكى «K» بەلگىلىك خارابىدىن بۇ خىل پۇلدىن بىر دانە تاپقان.

**8. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۇل.** قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۇللاردىن رەختتىن ئىشلەنگەن پۇللار، قەغەزدىن ئىشلەنگەن پۇللار ۋە مېتالدىن ئىشلەنگەن پۇللار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە تېپىلغىنى 10 نەچچە دانىدىن ئاشمايدۇ.

**9. ئۇيغۇر قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مىس پۇلى.** قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئىشلەپچىققان ۋە ئوبوروت قىلغان پۇلى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە تارقالغان بولۇپ، پەقەت شىنجاڭ تەۋەسىدىلا 20 مىڭ دانىدىن كۆپرەك تېپىلدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پۇلى ئاساسەن قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «ئاللادىن باشقا مەئبۇد يوق، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئاللانىڭ ئەلچىسى» دېگەن ئەرەب يېزىقىدىكى خەت، تەتۈر يۈزىگە قاراخانىلار خاندانلىقى خاقانلىرىنىڭ ئىسىملىرى چۈشۈرۈلگەن.

**10. چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى.** چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ پۇللىرىمۇ خۇددى ئۇيغۇر قاراخانىلارنىڭ پۇللىرىغا ئوخشاشلا قويۇق ئىسلام دىنىي پۇرىقىغا ئىگە بولغانىدى.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئالتۇن پۇلدىن ھازىرغىچە تېپىلغانلىرى 60 دانە ئەتراپىدا، 1987 - يىلى بورتالا شەھىرىگە تەۋە دالىتى قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن 36 دانە تېپىلغان.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يۇرتىمىزدىن تېپىلغان، ئىلگىرى قۇرۇلغان ھەر قايسى سۇلالىلەرنىڭ پۇللىرى ۋە چەت ئەل ھەر قايسى دەۋر خانلىقلىرىنىڭ پۇللىرى سودىگا ماھىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ جايلاردا ئۇزۇن زامانلارغىچە كۆپلەپ سودا - سېتىق قىلىش جەريانىدا بىللە ئېلىپ كىرگەن پۇللىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ پۇللارنى تەتقىق قىلىش تارىخ تەتقىقاتىنى كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن تەمىنلەش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (07)

## چوپان...

چوپان يېزىسى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 2 تاغنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىلگىرى قاغىلىق غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى 国 俱居波) جۇرجىپ بەگلىكى دائىرىسىدە بولغان، بۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان قەدىمكى يەرلىك ئاھالە ياشىغان، بۇ بەگلىكنىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى ئاز بولغاچقا، چوپان دەرياسىنىڭ ئېقىنىدىكى جىلغىلاردا ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەقىللىق بىر يىگىت بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ئىسسىق، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى مول ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ مۇشۇ يەردە باققان. ئارقىدىنلا كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەرگە ئەڭ بۇرۇن كەلگەن كىشى بىر چارۋىچى بولغاچقا، بۇ يەر چوپان (چارۋىچى) دەپ ئاتالغان. (07)

(لەنۇەر. ت)

## 1997 - يىللىق...

ئامېرىكا لوس - ئانژېلىس شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى پاۋلو بوئى، ئەنگلىيە كېمبرىج مولېكۇلا بىئو تىبابەتچىلىك تەتقىقات كومىتېتى تەجرىبىخانىسىنىڭ تەتقاتچىسى يوھان ۋوكېر ۋە دانىيە ئوخۇس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى تىنىسكولار بەدەن ھۈجەيرىسىدىكى ئېنېرگىيە ساقلايدىغان ۋە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىئون يەتكۈزۈش فېرمېنتىنى ئالدى بىلەن بايقىغانلىقتىن 1997 - يىللىق نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، شۋېتسارىيە پادشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ جاكارلىشىچە، ئامېرىكا ستانفور ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار ئەۋلادىدىن بولغان جۇلۇېن، ئامېرىكا دۆلەتلىك ئۆلچەم ۋە تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ دوكتورى ۋىليام فىلىپس ۋە فرانسىيە ئالىي پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى كرونت كۆيان تانوكىلار 1997 - يىللىق فىزىكا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. (07)

(لەنۇەر. ت)

## 7 پايدا، 4 زىيان

جۇڭگونىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشىدىكى 7 پايدا: ئىشقا ئورۇنلىشىش دائىرىسى كېڭەيتىلگەن؛ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلگەن؛ باج كىرىمى ئاشقان؛ مەبلەغ كۆپەيگەن؛ تېخنىكىلىق سەۋىيە ئۆسكەن، باشقۇرۇش ئۇسۇلى ياخشىلانغان؛ ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سۈرئىتى تېزلەشكەن. 4 زىيان: سانائەت بويۇملىرى مەبلەغ بازىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىگەن؛ ئىسلاھاتتىكى يۇرۇشمەسلىك جۇڭگو، چەت ئەل مەبلىغىدىكى كارخانىلارنىڭ رىقابەتتە ئادىلسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان؛ ھەر قايسى جايلار بىرلىككە كەلمىگەن چەت ئەل «مەبلىغىدىن پايدىلىنىش سىياسىتى» نى يولغا قويۇپ دۆلەتنىڭ قىسمەن مەنپەئىتىگە زىيان سالغان، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىغان. (07)

(ئەلى غوپۇر. ت)

## جامائەت گۈۋاھلىقىنىڭ پايدىسى

كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچرايدىغان بالا بېقىۋېلىش، ئۆي - زېمىن سودىسى قىلىش، مال - مۈلۈكنى ھەدىيە قىلىش، مىراس قالدۇرۇش، توختام تۈزۈش، چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاش، ئۆلۈم ئۇزىتىش، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرىنى ئىلتىماس قىلىش، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى، تۇغۇلغان ۋاقتى، ئوقۇش تارىخى، ئۇنۋانى، جىنايى جازاغا ئۇچرىغان - ئۇچرىمىغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى ئىسپاتلاشتا قانۇنىي شەكىل بولغان جامائەت گۈۋاھلىقى رەسمىيىتى بېجىرىلسە، ئالدىنى ئېلىش، كېيىنكى كۆڭۈلدە ماجىرا چىقىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ۋە ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق) جامائەت گۈۋاھلىقى ئورۇنلىرى مەخسۇس مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. (07)

(ئالىمجان. ت)



# بۆرەك ھەققىدە پاراڭ

★ سىتىۋالدى كېرىم ★

قوي بـۆرىكىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە مۇكەممەل تـونـۇشقـا ئـىگـە ئەمەسمەن. ئەمما بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە، مەشرەپتىن قايتقان دادامنىڭ ئويقۇلۇق كۆزلىرىمنى ئاچقۇزۇپ: «مەن ساڭا ئاتايىتەن قوي بۆرىكى ئېلىپ كەلدىم، يەۋال!» دەپ زورلاپ يېگۈزۈشىدىن ئۇنىڭ باشقا يېمەكلىكلەردىن پەرقلىق خسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياسەن ھېس قىلاتتىم. ئادەت خاراكتېرىنى ئالغان يۇقىرىقىدەك ئەنئەنە ئاتا- بـوۋىـلاردىـن ئۇدۇم تەرىقىسىدە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بىزمۇ ئىستىخىيلىك ھالدا قوي بۆرىكىگە دىـققـەت قىـلـىـدىغان بولۇپ قاپتۇق. يەنە كېلىپ كاۋاپدانلاردا ھەق - دادىغا يېتىپ پىژىلداپ پىشۋاتقان ئـەرزان باھالىق بۆرەكنى يېيىشتىن كۆرە، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ھەممە كىشلەرنىڭ ئېچى چۈشكەن ئىككى تال قوي بۆرىكىنى «كوز-كوز قىلىش» ئارقىلىق، باھا تـالاشـتـۇرۇپ يـېـيـىـشـنـىڭ ئـۆزگـىـچـە قـىـمـمـەت يارىتالايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتۇق. يېقىندا كۆرگەن بىر ۋەقە ماڭا خېلى ۋاقىتلارغىچە ئارام بەرمىدى.

بـىـزنـىـڭ بۇ يۇرتتا «باراۋەت قىلىش» خېلى ئـومۇملىشىپ قالغان ئادەت، بۇ ماھىيەتتە ئۇيغۇر مـەشرەپ شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دوست- يارەنلەر ئۆزئارا جەم بولۇشۇپ بىرەر مالنى سويۇپ قـازانغا سېلىپ قويۇشىدۇ. گۆش پىشقۇچە پاراڭ سېـلـىـشىدۇ ياكى راۋاب- دۇتار چېلىشىپ كۆڭۈل ئېـچـىـشـىـدۇ. بۇنداق باراۋەتلەر كۆپىنچە قىش مـەزگـىـلـىـدە ئېـلـىـپ بېرىلىدىغان بولۇپ بۇ بىر تەرەپتىن، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىنى يېقىنلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ماڭا ئوخشاش «ئىش كۆرمىگەنلەر»نىڭ قائىدە - يـوسۇن ئۆگىنىشىنى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. شـۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر بۇرادىرىمىزنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان باراۋەت تەكلىپىنى رەت قىلمىدىم. يەنە بىر ئاغىنەم بىلەن ئاشۇ ئۆيگە قـاراپ يـول ئـالدۇق. ئـۇ يـەرگـە بـارغـۇچە شـەھـىـرىـمـىـزدىـكـى بـىـردىـنـبـىـر «شـىـنخۇا كىتابخانىسى»نىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتۇق. تېخى كەچ كـىـرىـپ كەتمىگەن بولغاچقا كىتابخانىغا كىرىپ چىقىشنى توغرا تاپتۇق. مەن كىتابخانىغا كىرىۋاتقاچ يـېـنـىـمدىكى بۇرادىرىمگە يېقىندا نەشر قىلىنغان

«×× ×× » ناملىق كىتابتىن سېتىۋالغانلىقىمنى، ھەمدە ئۇنىڭمۇ بىر يۇرۇش سېتىۋېلىپ ساقلاپ قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ ماڭدىم. 2 قىسىملىق بۇ كىتابنىڭ باھاسى گەرچە 25 يۈەن بولسىمۇ ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەرنى سېلىپ، شىنجاڭ ئاسمىنىدا بىرمەھەل قارا تۇن پەردىسىنى يايغان شەھۋەتپەرەس، زوراۋان بىر جاللاتنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ماتېرىيال ئىدى. كىتابخانىغا كىرىپ كۆزىمىزگە ئالدى بىلەن چېلىققىنى دەل ئاشۇ كىتاب بولدى. ئاغىنەم چۈشەندۈرۈشلىرىمنىڭ تەسىرىدىنمۇ قانداق بۇ كىتابنى قولىغا ئېلىپ، ئالدى بىلەن باھاسىغا كۆز يۈگۈرتتى، كىتابنىڭ ئۇيان - بۇيېنىغا بىر قۇر قاراپلا ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى كىتابنى سېتىۋېلىشقا چىقىنالمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇن كىتابخانلارغا ئوخشاش كىتابلارنى «ئۆرۈپ - چۆرۈپ» قويۇپلا ئاستا - بۇ يەردىن ئايرىلدۇق.

بىزنىڭ بۇ يۇرتتا باراۋەت قىلىشتا پەرقلىق ئۆزگىچىلىك شەكىللەنگەن، باشقا يۇرتلاردا بۇ خىل ئۆزگىچىلىكنىڭ بار - يوقلۇقى ھازىرچە ماڭا نائېنىق. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەر قېتىملىق باراۋەتتە قوي تېرىسى، قوينىڭ بويىنى، تۆش ھەتتا بۆرىكىمۇ «كىم ئارتۇق» قېلىنىپ سېتىلىدۇ. بۇنى «كۆز - كۆز قىلىش» دەپ ئاتايمىز، باراۋەتتە «كۆز - كۆز قىلىش» «قىزىق نۇقتا» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق، بۇگۈنكى سورۇنمۇ ئەسلىدىكى رېتىمى بويىچە داۋام قىلماقتا. لېكەنگە سېلىنغان ئىككى تال قوي بۆرىكىنى «كىم ئارتۇق» قىلىۋاتقان جاكارچى بەدبۇي پۇرىقى دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان پايپىقى بىلەن داستىخان ئۈستىدە پىتراپ يۈرمەكتە. مەن بىلەن بىللە كەلگەن بۇرادىرىم ئىككى تال قوي بۆرىكى ئۈچۈن 10 يۈەن باھا قويدى. قائىدە بويىچە بۇ باھادا ئارتىش بولمىسا، لېكەن باھا قويغۇچى تەرىپىدىن ئالدىغا سۈرۈلۈپ ئۇنىڭدىكى گۆش شۇ كىشىگە تەۋە بولاتتى.

— 11 كوي، 12 كوي، 13 كوي، — جاكارچىنىڭ ئۈچىنچى سانىقى تۈگۈمەي تۇرۇپلا، قارشى تەرەپتىن يەنە بىرەيلەن 30 يۈەن باھا قويدى. ئۇنىڭ ئېرەنسىز كۆزلىرى ئاغىنەمگە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن باقماقتا ئىدى. بۇ قېتىم ساناق بىر قانچە رەت داۋاملاشتى. ئاخىرى لېكەن باھا قويغۇچىنىڭ ئالدىغا سۈرۈلۈپ، ئۇ بىرتال بۆرەكنى قولىغا ئېلىپ مىجىقلاپ تۇرغاندىلا، بورادىرىم بىر قاتلاپلا 60 يۈەنگە ئۆستى. مەن تېڭىرقاپ قالدىم. بىردەمدىلا ھېلىقى ئىككى تال قوي بۆرىكىنىڭ باھاسى چېكىگە يېتىپ، ئەسلى باھاسىدىن بىر قانچە 10 ھەسسە ئارتىپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ باھا تالاشتۇرۇش كەسكىن داۋام قىلدى، باشقىلار بۆرەككە يەنە يۇقىرى باھا قويدى. بۇرادىرىممۇ بوش كەلمەي يامىشىپ تۇردى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇتتۇق بۇرادىرىمنىڭ بولۇپ، ئۇ ئىككى تال قوي بۆرىكنى 192 يۈەنگە ئالدى. مەن 25 يۈەنگە كىتاب سېتىۋېلىشقا كۆزى قىيمىغان بۇ ئاغىنەمنى خاتا مۆلچەرلىگەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مەنمەنچىلىك كىينكى كۈنلەرنىڭ غېمىنى ئويلىشىشتىن غالىب كەلگەنىدى.

مەن دەۋرىمىزدىكى قوي بۆرىكىنىڭ قىممىتى ۋە كىتابنىڭ خاسىيتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئىنسانىيەت تارىخىدا مەتبەئە ئىختىرا قىلىنىشتىن ئاۋۋال ئاتا بوۋىلىرىمىز ئەقىل - پاراستىنى جەم قىلىپ، قىيا تاش ھەتتا تارشا، سۆڭەكلەرگە پۈتكىر دۇردانىلىرىنى قالدۇرۇپ، بىزگە كىتابنىڭ خاسىيىتىنى تونۇتقانىدى. كىشلەر قەغەز ۋە مەتبەئەنى كەشىپ قىلىپ، تۇپلەش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن زامانلاردىن بۇيان، كىتاب ئۇنىسىز مۇددەرىس سۈپىتىدە خىزمەت

قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىنى مۆلچەرلىگۈسىز قىسقارتتى. قايسى ئەل، قايسى مىللەت كىتاب يېزىش، كىتاب ئوقۇش ھەم ساقلاشقا ئېتىبار بەرسە كىتاب ئۇلارغا تەگداشسىز نۇسرەت ئاتا قىلدى. قايسى ئەل، قايسى مىللەت كىتابنىڭ خاسىيىتىنى ئۇنتۇپ، قورساقنىڭ غەلۋىسىگە باش ئەگسە، نادانلىق ئۇلارنى قارا نىيەتلىك، ئىچى قوتۇرلۇق، مەنمەنچىلىك، يۇرتۋازلىق، بىشەملىك، پاسقىلىق، ھاماقەتلىككە ئوخشاش ناچار پىسخىك ئاللامەتلەرگە دۇچار قىلىپ چوڭقۇر كېسەلگە مۇپتىلا قىلدى.

مەن كۆرگەن باراۋەتتىكى قوي يۈرىكى بىلەن كىتابنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما، بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ روھىيىتىدە كىتابنىڭ تەربىيىلەش رولىنى تەرك ئەتكەن نادانلىقنىڭ ھاسىلاتى!

بۇرادىرىم ئەمدى تەل - تۆكۈس ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان 2 تال قوي يۈرىكىنى مىجىقلىماقتا. ئۇ گويا- ئۆزى بىلەن باھا تالاشقان رەقىبىنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چاڭگىلىدىكى يۈرەكتەك مىجىۋەتكەنلىكىدىن پەخىرلەنگەندەك قىلدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باھا تالاشقان «بايۋەتچى» مۇ مېنىڭ نەزىرىمدىن چەتتە قالمىدى. ئۇنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى شۇنى ئىپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، قىلتاقتا چۈشۈپ، چوڭچىلىق تالاشقان رەقىبىنى كۆپ پۇلغا يىقىتقانلىقىدىن ئېرىسكە سىغمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

مانا بۇ نادانلىق تۈپەيلى بىر- بىرىنى «ھۆل خىشقا دەسسىتىش »نى دەۋر قىلغان «دوستلار» ئېگىدىكى تەتۈر مەنتىقە!

ئەگەر قوي يۈرىكىنى «كۆز - كۆز» قىلىش ئەمەس؛ كىتاپ - دەستۇرلار «كۆز - كۆز» قىلىنىدىغان سورۇنلار ھازىرلانسا شۈبھىسىزكى، تەكلىپكە ئېرىشەلمىسەممۇ «چاقىرىلمىغان مېھمان» بولالايتتىم.... (06)

## جىنسىي كېسەللىك بىمارلىرى ئۈچۈن خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇتقا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسىغا دائىر تەتقىقات ۋە داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگاندىكى تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشقا كىرىشتۇرۇلگەن «بۇغدا ئامبۇلاتورىيىسى» ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىكى، ئەرلەر كېسەللىكى، سۆزنەك، سىبلىس ۋە باشقا ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئۈنۈملۈك داۋالاپ، ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ ئامبۇلاتورىيە يەنە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۈننەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. «بۇغدا ئامبۇلاتورىيىسى» بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسى 153 - قورۇ يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى تەرەپكە 200 مېتىر ماڭسىڭىز بولىدۇ.

تېلېفون: 2306919

ئالاقىلەشكۈچى: **ئەركىن ھاشىم، ئەنۋەر ئەركىن**

## ئالتۇن يۇلتۇز

1980- يىلى ئالىملار يىراق ئالەمدە ئىسمى - جىسمىغا لايىق بىر «ئالتۇن يۇلتۇز» نى بايقىغان، ئۇ زور قىسقۇچپاقا يۇلتۇزلار تۈركۈمىدە بولۇپ، نامى «زور قىسقۇچپاقا يۇلتۇز – K » ئىكەن.

ئۇنىڭ ھەجمى قۇياشنىڭ 3 ھەسسىسىگە تەڭ ئىكەن، يەر شارى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 175 يورۇقلۇق يىلىغا تەڭ كېلىدىكەن، ئۇنىڭ سىرتقى قەۋىتىنى قاپلىغان ئالتۇن تەخمىنەن 100 مىليارد تونىنا كېلىدۇ، دەپ مۆلچەرلەنگەن.

ئەگەر بۇ ئالتۇنلارنى يەر شارىدىكى ئادەملەرگە تەقسىم قىلىپ بەرسە، ھەر بىر ئادەمگە 25 توننىدىن تېگىدىكەن. (07)

(ئالىم . ت)

## بەگگىلەر ۋە ئېغىر ھەرىكەت

تاماكا چەككۈچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئېغىر ھەرىكەت قىلىپ چېنىقىش ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئامېرىكا، كلىۋېلاند تىبابەتچىلىك فوندى جەمئىيىتىدىكى مىخائىل لائورنىڭ ئېيتىشىچە، تاماكا چەككۈچىلەر چېنىققان ۋاقىتتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان يۈرەك رىتىمى بولمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار جىددىي ھەرىكەت قىلغاندا يۈرەك پائالىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىنىڭ دەرىجىسى تاماكا چەكمەيدىغانلارغا سېلىشتۇرغاندا 5 ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

تاماكا تەركىبىدىكى نىكوتىننىڭ ئادەم بەدىنىدە، يەنى بۆرەكتە ئۇخشىمىغان بەزلەرنى پەيدا قىلىپ يۈرەك سوقۇش تېزلىكىنى كۆچەيتىۋېتىدىكەن. (07)

(رابىيە ئابدۇرېھىم. ت)

## ياشلار نېمىگە ...

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، % 83.9 ياشلار مەملىكىتىمىزنىڭ «9 - بەش يىللىق پىلان» نى ۋە 2010 - يىلدىكى كەلگۈسى نىشانىنى ئۆگىنىشكە ۋە چۈشىنىشكە كۆڭۈل بۆلىدىكەن. تەقدىم قىلىش بىلەن نەپ ئېلىش مەسىلىسىدە، % 41 ياشلار «خالىسانە تەقدىم قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر» دەپ قارايدىكەن. % 30 ياشلار «پەقەت تەقدىم قىلىپلا نەپ ئالماسلىق ساختا قاراش» دەپ قارايدىكەن. شەخس، كوللېكتىپ، دۆلەتتىن ئىبارەت 3 تەرەپكە تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىدە، % 42.5 ياشلار «دۆلەتنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتى بىرىنچى، سەخسىي مەنپەئەت چوقۇم دۆلەت مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشى كېرەك» دەپ قارايدىكەن. % 31.6 ياشلار «دۆلەتنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى ئويلاش بىلەن بىرگە شەخسنى ئېھتىياجىنمۇ ئويلاش كېرەك» دېگەندە چىڭ تۇرىدىكەن. (07) (پەرىدە تۇردى . ت)

## كىتاب سۆيەر ئەل

ئىسلاندىيە - مەدەنىيەت پۇرىقى ئىنتايىن قويۇق بولغان بىر دۆلەت. ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى ئانچە كەڭتاشا ئەمەسكەن، ئۆي سايمانلىرىمۇ بەك ئاددىي، ھەتتا كىتاب جاھازىسىمۇ يوقكەن. بىراق ئاز دېگەندە بىر قانچە چىرايلىق كىتاب ساندۇقى بار ئىكەن.

قىزلىرى ياتلىق بولغاندا ئاتا - ئانا بولغۇچىلار قىزلىرىغا بىر ئاز قىز مېلى بېرىدىكەن، قىز مېلىدا بىر يۈرۈش كىتاب بىلەن ياغاچتىن ياسالغان يېڭى كىتاب ساندۇقى كەم بولسا بولمايدىكەن.

ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىش بۇ ئەلدە ئەڭ ئادەتتىكى قائىدە - يوسۇن ھېسابلىنىدىكەن. ھەر خىل مۇراسىملارغا تەكلىپ قىلىش جەريانىدا كۆپ ساندىكى كىشىلەر ھېچ قانداق سوۋغات قوبۇل قىلمايدىكەن، چۈنكى بۇ ئەلدە «ئاقىللارنىڭ دوستلۇقى مىنېرال سۇدەك سۈزۈك بولىدۇ» دەيدىغان كۆز قاراش خېلى كۈچلۈككەن. (07)

(رابىيە ئابدۇرېھىم. ت)

# تاتلىق كۆلكە، ئاچچىق لەتىپە

**7**

199 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، كەنتتىن قايتىپ كېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىشىمگىلا، ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسى ئالدىغا توپلىشىۋېلىپ نېمىگىدۇر قاقاھلاپ كۈلۈشۈۋاتقان بىر توپ ياشلارغا كۆزۈم چۈشتى، ئوتتۇرىدا تۇرغان بىرسى كۆز چاقنىتىدىغان كۆركەم تاشلىق «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنى كۆرسىتىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە نېمىلەرنىدۇر دېمەكتە ئىدى.

– نېمە ئىش بولدى، – دېدىم مەن يېقىن بارغاندىن كېيىن قىزىققان ھالدا.

– قارىڭە بۇنىڭغا، بەك كۈلكىلىك، – ژۇرنال كۆتۈرۈۋالغان بىر خىزمەتدىشىم ژۇرنالدىكى بىر يوغان قورساق ئەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ قورسىقىمغا تەگكۈزۈپ كۈلۈپ قويدى. مەن ژۇرنالنىڭ يېڭى سانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ شۇئانلا ئىتتىپاق كومىتېتى ئىشخانىسىغا كىردىم - دە، ژۇرنالنىڭ شۇ سانىنى ئېلىپ، كۆپچىلىك قىزىقىپ كۆرۈۋاتقان شۇ بەتنى ئاچتىم، بۇ، يولداش رۇسۇل ئىمىنىنىڭ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 10 - سانىغا بېسىلغان «يېڭى رېتسېپ» ناملىق ھېكايىسى بولۇپ، ھېكايىدىكى باش پېرسوناژ «مەن» ئوبرازىغا تەقلىد قىلىپ بېسىلغان سۈرەت مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. تەققەززارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ھېكايىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، تويماس نەزەر بىلەن يەنە ئىككىنچى قېتىم قايتا ئوقۇدۇم. ھېكايە تولىمۇ ياخشى يېزىلغان بولۇپ، ھەجمى قىسقا، قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، ئوبرازلىق چىققان. ئوخشىتىش، مۇبالىغە ئۇسۇللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، كىتابخاننى ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا تەقەززار قىلغان. مەسىلەن، ھېكايىدىكى سېمىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان «مەن» كوچىدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز تۆت مەستنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ مەستلەرنىڭ ئالدىدىن سالامەت ئۆتۈپ كېتىۋېلىش ئۈچۈن «مەن ھازىدار» دەپ قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولىدۇ- يۇ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىسىگە خىلاپ ھالدا، ئاغزىدىن باشقا گەپ چىقىپ كېتىدۇ.

– ياق، ئاغىنىلەر ماڭا چېقىلماڭلار، مەن ھازىر ھامىلدار...

– ھامىلدار؟! ھا... ھا... ئاڭلىدىڭلارمۇ ئاغىنىلەر.

ئەسلى بۇ پاڭزا ھامىلدار ئىكەن، ھامىلدار...

– قورسىقىنىڭ بەك يوغانلىقىغا قارىغاندا قوشكېزەك تۇغامدۇ نېمە بۇ پاڭزا. ھا... ھا... ھا...

– يا... ياق... ھامىلدار بولۇپ قالغان ھازىدار...

ئاپتور يۇقىرىقىدەك بىر قاتار قىسقا، كۈلكىلىك دىئالوگ «مەن» نىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىشلىرى، ئورۇقلىتىش دورىسى ئىشلىتىپتۇ، قىلچە ئۈنۈم ھاسىل قىلالماي، جىنىنىس دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاش باسقۇچىغا يېتىپ قالغان «مەن» نىڭ ئامېرىكىلىق داۋىد ئەپەندى يېزىپ بەرگەن «توي قىلىڭ» دېگەندىن ئىبارەت يېڭى رېتسېپ بويىچە، توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى تونىيالمىغۇدەك دەرىجىدە بىردىنلا ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قېلىشى قاتارلىق بىر قاتار تەپسىلاتلارنى جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق ھازىرقى زامان توي - تۆكۈن ئىشلىرىدىكى

چەكتىن ئاشقان ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق، دورامچىلىق، رەڭۋازلىق، ئۆز ئەھۋالىغا باقماي ئىش تۇتۇپ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى دادىللىق بىلەن پاش قىلغان. مىللىتىمىزدىكى بۇ بولمىغۇر ناچار ئىللەتلەرنىڭ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ كۆلكىسىنى قىستايدىغان بىر چوڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقى ھەم بۇنداق پاسسىپ خاھىشلارنى تېزدىن توسۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇ ئارقىلىق ئاپتور كەڭ ئاممىنى ئاددىي - ساددا بولۇشقا چاقىرغان.

دېمەك، بۇ ھېكايە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭقۇر، ئىدىيىۋى مەزمۇنى مول، ئۆلگىلىك ھېكايە بولۇپ، مەن بۇ ھېكايىنى كەڭ ياشلارنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىگە بۇنىڭدىنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.(08)




كاللىسى ساق مەست. قاينام جاپپار سىزغان

## 21 - ئەسىرگە بارغاندا...

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملار 21 - ئەسىردە جۇڭگونى كۈنسايىن چىرمىۋالىدىغان نوپۇستىكى 6 چوڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.1) 2050 يىلىغا بارغاندا جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 1 مىليارد 600 مىليوندىن ئېشىپ كېتىپ، تۆرلۈك يۇرۇشلەشكەن ئەسلىھەلەرگە ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىدۇ. 2) 65 ياشتىن ئاشقان ياشانغانلارنىڭ سانى تېزلىكتە كۆپىيىدۇ. ياشانغانلار مەسىلىسى 21 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پەيدىنپەي ئاساسلىق ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. 3) جەمئىيەتتىكى بېقىلىدىغان ئادەم سانىنىڭ ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدىكى نىسبىتى ئاشىدۇ. ئىشسىزلىق مەسىلىسى يەنىلا 21 - ئەسىردىكى جۇڭگودا چوڭ مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. 4) 2000 - يىلىغا بارغاندا، تۇغۇلغانلارنىڭ جىنسى نىسبىتى (ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ) 100 دە 125 بولۇپ، كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ نىكاھلىنىش ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. 5) ئاھالە ساپاسىنىڭ كەلگۈسىدە ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئىتىگە ماسلىششى قىيىن بولىدۇ. 21 - ئەسىردە جۇڭگو 200 مىليون ئۆپچۆرىسىدىكى ساۋاتسىزلارنى يېتەكلەپ، زامانىۋىلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتەك يۈكنى ئۈستىگە ئالىدۇ. 6) ياش ئەر - خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشتىكى بېسىمى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ، ئۇلار 2 جۈپ قېرىلارنى بىر پەرزەنتنى بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. (09)

(مورتىزا ۋايىس ت)



# ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېتنىڭ شياڭگاڭ بىلەن خوشلىشىش نۇتۇقى

يه نە 5 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى چۈشۈرۈلۈپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقى شياڭگاڭ ئاسمىنىدا لەپىلدەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭدىكى 150 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلىدۇ. ئاشۇ بىردەۋر ئىچىدە شياڭگاڭ دېڭىز بويىدىكى كىچىك بىر كەنتتىن تەرەققىي قىلىپ، دۇنيادىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ بىرسىگە، يەنە كېلىپ ئەڭ ئۇلۇغ سودا رايونلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلاندى. بۇ شياڭگاڭ ئۈچۈنمۇ، ئەنگلىيە ئۈچۈنمۇ سانسىز قۇربانلار بېرىلگەن، كۆلپەتلىك شۇنداقلا شانۇ -شاۋكەتلىك بىردەۋر بولدى. ئۇرۇش خارابىسىغا ئايلانغان شياڭگاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئۆزگىرىشتۇر.

بۇ جەرياندا شياڭگاڭ مىليونلىغان نامرات كۆچمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيادا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جەمئىيەت بولۇپ قۇرۇلدى. ئەنگلىيە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پەخىرلىنىدۇ ۋە شەرەپ ھېس قىلىدۇ. ئەنگلىيە ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇشىدىن پەخىرلىنىدۇ. چۈنكى بۇلار شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. مۇھىمى ئەنگلىيە شياڭگاڭ خەلقىنى قانائەتلىنەرلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن قىلغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىشكە تېخىمۇ ھەقلىق. شۇنىڭدىن ئۆزىمىزدە چوڭقۇر ئىپتىخار ھېس قىلىمىزكى، ئەنگلىيە يۇقىرىقىدەك ئاساسلار ئارقىلىق شياڭگاڭدا مىڭلىغان پەۋقۇلئاددە تالانت ئىگىلىرى ۋە پەم- پاراسەتلىك ئاددىي خەلقنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەپ كەلدى.

دەرۋەقە ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى چۈشۈپ، بىزنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئىدارە قىلىشىمىز ئاخىرلاشقان بولسىمۇ بۇ ئەنگلىيىنىڭ شياڭگاڭغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك خەير- خوش دېگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى شياڭگاڭدىكى 3 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئەنگلىيە گىراژدانىدۇر، ھەر يىلى مىڭلىغان شياڭگاڭلىق قىز- يىگىت ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. بىز ئورتاق تىل ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىغا ئىگىمىز. ئەنگلىيىلىك مىڭلىغان كىشى شياڭگاڭدا ئائىلە قۇرىدۇ. دېمەك ئائىلە، دوستلۇق، سودا ۋە مەبلەغ قاتارلىق مەدەنىيەت ۋە تارىختىن كېلىۋاتقان ئەنئەنە تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ.

ئەنگلىيە شياڭگاڭ تارىخىنىڭ بىر قىسمى، ئەكسىچە شياڭگاڭ ئەنگلىيە تارىخىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بىز شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، ئۆتتۇرىمىزدىكى ئالاقە رىشتىسى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇلماستىن بەلكى داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ. كۈنسايىن كىچىكلەۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا شياڭگاڭ- ياۋروپانىڭ ئاسىيا بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشىدىكى داغدام يولى؛ ئەنگلىيە بولسا ئاسىيانىڭ ياۋروپا بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى بېكىتى. بىزنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگۈسى!...

دېمەك يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، ھۆكۈمىتىم شەخسەن مەن شياڭگاڭ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق ئەڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىمىز. يەنە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن شياڭگاڭدا قۇرۇلىدىغان ئەنگلىيىنىڭ باش كونسۇللىي يەر شارىدىكى ئەڭ بۈيۈك كونسۇلخانىغا ئايلىنىدۇ.

جۇڭگو- ئەنگلىيە بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە ئىككى يېرىم يىل داۋاملىق خىزمەت ئىشلەپ، جۇڭگو- ئەنگلىيە قوشما باياناتىنى ئىجرا قىلىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭىشىش ئېلىپ بارىدۇ. ھالبۇكى مەزكۇر قوشما بايانات 50 يىل داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئۇمۇمەن بۈنىڭدىن كېيىنكى كۆپ يىللار جەريانىدىمۇ شياڭگاڭ بىلەن بولغان ئالاقە بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىزدە بولىدۇ. شياڭگاڭ ھازىر ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىت بىلەن جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزىدىغان ئۆتكۈنچى دەۋرگە يۈزلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەۋزەل شارائىتنىڭ ئۆزى گۈللىنىش، مۇقىملىق ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچ دېمەكتۇر. گەرچە ھازىر تارىخنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەقىقىلىرىدە تۇرۇۋاتقان بولساقمۇ لېكىن بىز شياڭگاڭ خەلقىنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە ماسلىشىش قابىلىيىتىگە چەكسىز ئىشىنىمىز، شياڭگاڭ خەلقىنىڭ شياڭگاڭ ئۈچۈن نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

شەك - شۈبھىسىزكى، خۇددى قوشما باياناتتا كېلىشكەندەك، شياڭگاڭ خەلقى شياڭگاڭنى ئىدارە قىلالايدۇ. قوشما باياناتنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىش شياڭگاڭنىڭ داۋاملىق گۈللىنىشىنىڭ ئاچقۇچى.

بۈگۈن پۈتكۈل يەر شارى بۇ مۇراسىمغا كۆز تىككۈۋاتىدۇ.

مەن ئۆتكۈنچى دەۋردىكى ھەممە ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا، تىنچ ۋە پارلاق كېلەچەكنىڭ يارىلىشىغا تىلەكداشمەن. (02)

(«جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى» دىن **تۇرسۇن** **كەلپىن. ت**)

**(ئابلىمىت تۇرسۇن فوتوسى)**

## ئامېرىكا ئارمىيىسىدىكى كۈلكىلىك ئىشلار

0 191- يىلى ئامېرىكا قوشۇنلىرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا بىر قېتىم بۇيرۇق يەتكۈزۈش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك كۈلكىلىك ئىشلار كۆرۈلگەن.

يىگجاڭ: ئەتە كەچ سائەت 8 ئەتراپىدا مۇشۇ رايوندا ئېھتىمال ھالېلىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆرۈشىمىز مۇمكىن. بۇ يۇلتۇزنى ھەر 76 يىلدا بىر قېتىم كۆرگىلى بولىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ دالا كىيىمىنى كىيىپ مەشىق مەيدانىغا يىغىلىشىغا بۇيرۇق قىلىمەن. مەن ئۇلارغا كەمدىن- كەم كۆرۈلىدىغان بۇ ھالەتنى چۈشەندۈرىمەن، مۇبادا يامغۇر يېغىپ قالسا، زالغا يىغىلسۇن.... ئۇلارغا ھالېلىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزىغا ئائىت كىنو قويدۇرۇپ بېرىمەن.

ليەنجاڭ: يىگجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئەتەكەچ سائەت 8 دە ئاجايىپ ھالېلىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى ئۇچىسىغا دالا كىيىمنى كىيگەن ھالدا زالدا پەيدا بولىدۇ. ئەگەر مەشىق مەيدانىدا يامغۇر يېغىپ قالسا، يىگجاڭ باشقا بىر بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇنداق بۇيرۇق بېرىش ھەر 76 يىلدا بىرقېتىم كۆرۈلىدۇ.

پەيجاڭ: ئەتە كەچ سائەت 8 دە يىگجاڭ ھالېلىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى ئېلىپ، زالدا پەيدا بولىدۇ. بۇ 76 يىلدىلا بولىدىغان ئىش، ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا، يىگجاڭ ھالېلىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزىغا دالا كىيىمنى كىيىپ مەشىق مەيدانىغا بېرىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

بەنجاڭ: ئەتە كەچ سائەت 8 دە يامغۇر ياغقاندا، 76 ياشلىق مەشھۇر گېنېرال ھالېلىي يىگجاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۇچىسىغا دالا كىيىمى كىيگەن ھالدا «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز» ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەپ، مەشىق مەيدانى ئارقىلىق زالغا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

(09) **(مۇرتىزا ۋايىس.ت)**

## 20 ياشتا سىناپ كۆرۈشكە تېگىشلىك 27 ئىش

**1** .گېزىت- ژۇرناللارنىڭ بۇرجىكىدىكى ئېلانلارغا دىققەت قىلىڭ. بۇ، ھاياتىڭىزدا سىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان رول ئوينىشى مۇمكىن.

2. بىر قېتىملىق سايلام رىقابىتىگە قاتنىشىڭ، سايلىنىش ئۈچۈن ئۇياق- بۇياققا قاتراڭ، ئۇ يەردە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئېرىشكىلى بولمايدىغان بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن.

3. قىلماقچى بولغان ئىشنى رەتلىك قىلىڭ.

4. 10دىن ئارتۇق لاياقەتلىك گۇۋاھنامىنى ئېلىش ئۈچۈن جەڭ ئېلان قىلىڭ.

5. ئۆزىڭىزگە كۆڭۈلدىكىدەك ھايات ئۈلگۈسى تېپىڭ.

6. خىزمەت ئورنى يۇقىرى، ئاتاغلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇڭ.

7. بىر ئىشقا مەبلەغ سالسىڭىز 10يىلدىن كېيىن ئۈنۈمىنى كۆرىسىز.

8 .ئىش باشلاش ئورنىدا توپا- چاڭ ئىچىدە بىرقېتىم ئەتىگەنلىك تاماق يەڭ.

9. بىرقېتىم تىياتىرخانىدا بېتەكچى مۇلازىمەتچى بولۇڭ، مېھمانلارنى باشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسىنى سېلىشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

10. ئاتا- ئانىڭىز بىلەن بىللە ساياھەتكە چىقىڭ.بۇ ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ يېتىلگەنلىكى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر- مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشى.

11. بىرەر ناخشا ئىجاد قىلىڭ.

12. بىر يىل ئىچىدە كۆپ كىتاب كۆرۈڭ.

13. بىرەر ئېلېكتىر سايمىنىنىڭ ياسىلىشىنى مۇكەممەل تەھلىل قىلىڭ ۋە قايتىدىن قۇراشتۇرۇڭ. بۇ جەرياندا ھاياتلىقنى چۈشىنىۋالالايسىز.

14. ھەر كۈنى بىر بەت ماقالە يېزىڭ.

15. ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئاياغ ئىزىڭىز قالسۇن.

16 .چەت ئەللىكلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، باشتىن- ئاخىرى ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ.

17. ھەر كۈنى يېتەرسىزلىكلىرىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىڭ.

18. بەختسىزلەر بىلەن دوست بولۇڭ.

19. بىرقېتىم تازا باش قاتۇرۇپ ئويلانسىڭىز، ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى بايقىيالايسىز.

20. قەلبىڭىزنى ھاياجانغا سالىدىغان تۇيغۇلاردىن لەززەتلىنىڭ.

21. ھويلىڭىزغا بىر تۈپ كۆچەت تىكىڭ، شۇندىلا ھاياتلىققا ئەھمىيەت بېرىشنى ئۆگىنىۋالالايسىز.

22. سۇرلۇك كۆرۈنىدىغان، تەپتارتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلىڭ.

23. تۇرمۇش نىشانىڭىز مۇستەقىل بولسۇن، ئاتا- ئانىڭىز يۆلەنچۈكىڭىز بولۇپ قالمىسۇن.

24. 10 يىلدىن كېيىنكى ئۆزىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىشنى سىناپ كۆرۈڭ.

25. ئەڭ خەتەرلىك خىزمەت ئورنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلىڭ.

26. ئۆزىڭىزگە ئازراق بوشلۇق قالدۇرۇپ، قەلبىڭىز بىلەن سىردىشىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز تۇرمۇش دائىرىڭىز كېڭىيىدۇ.

27. ئۆزىڭىزگە سىمۋول بولالايدىغان بىر لۇغەت تۈزۈڭ، ئۆزىڭىزنىڭ مۇستەقىل كۆز- قارىشىغا تايىنىپ، ئۆزىڭىزگە خاس دۇنيا يارىتىڭ. (04)

(پەرىدە قاۋۇز. ت)

# «تەكلىماكان تۇرسۇن» دەرىخى

(ھېكايە)

★ مۇزات ★

ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن ئورمانچىلىق خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش گۇرۇپپىسىدىكى مېھمانلارغا بۇ يېزىدا چۈشلۈك تاماق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. تاماقتىن كېيىن سورۇن ئەھلى ئورمان ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈشتى. قايسىدۇر بىر يۇرتتىكى 600 يىللىق چىنار دەرىخى، يەنە بىر يۇرتتىكى 500 يىللىق ياڭاق دەرىخى، يەنە بىر يۇرتتىكى 500 يىللىق ئەنجۈر دەرىخى... ئۈستىدە پاراڭ بولۇۋاتقاندا، يېزا باشلىقى بۇ يېزىدىكى غەلىتە بىر تۈپ دەرەخنىڭ گېپىنى قىلىپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى. بولۇپمۇ ئورمانچىلىق مۇتەخەسسىسى غۇلام ئەپەندىنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. مېھمانلار غۇلام ئەپەندىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ھېلىقى دەرەخنى كۆرگىلى ئاتلاندى.

بۇ دەرەخ تۇرسۇن بوۋاينىڭ ئاتا- بوۋىلىرىدىن قالغان كونا بېغىدا ئىدى. بۇ باغدا رايونىمىزدا ئۆسىدىغان مېۋە سورتلىرىنىڭ ھەممىسى بار بولۇپلا قالماستىن، مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەتتا چەت ئەللەردە ئۆسىدىغان تىكەن شاخلىق دەرەختىنمۇ ئىككى تۈپ بار ئىدى. بۇنى غۇلام ئەپەندى «سوپۇن دەرىخى» دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلار باغنىڭ ئىچكىرىسىدە ئۆسكەن ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ھەممەيلەن كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ بېلىدەك چوڭلۇقتىكى تۈپتۈز ئۆسكەن، غولى ئىلان قاسرىقىنىڭ شەكلىدە قاپارتما نەقىشلىك، شاخلىرىمۇ بىر قاراشقا ئىلانغا ئوخشاپ كېتىدىغان، غاز تاپىنى شەكلىدىكى يوپۇرماقلىرى توق قىزىل دەرەخ بولۇپ، ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدىغان دەرىجىدە كۆركەم ھەم چىرايلىق ئىدى. ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، بۇنىڭ غولىدىكى كۆركەم نەقىشلەر خۇددى ئۇستا ئويمىچى ئويۇپ قويغاندەك، ھەم رەتلىك، ھەم سىپتا ئىدى.

— بۇ دەرەخ — چۈشەندۈردى تۇرسۇن بوۋاي، — ئەتىيازدا ۋە كۈزدە ئىككى قېتىم يوپۇرماق تاشلاپ، يەنە يوپۇرماق چىقىرىدۇ. يازلىق يوپۇرمىقى مانا مۇشۇنداق توق قىزىل، قىشلىق يوپۇرمىقى ئاچ قىزىل بولىدۇ. يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلىدە يوپۇرماقلىرى خېنە رەڭگىگە كىرىدۇ. ئەتىيازلىق يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلىدە يەنە قوۋزاق تاشلايدۇ. بۇ چاغدا دەرەخنىڭ غولى تېخىمۇ كۆركەملىشىپ كېتىدۇ.

— ئۇنداقتا، بۇ نەقىشلەر غولىدىمۇ بار ئىكەندە؟— سورىدى بىرى.

— بۇ غولدىكى نەقىشلەر نەقىشلەرگە بويسۇنۇپ قوۋزاق باغلايدۇ.

— بۇ دەرەخنىڭ ئىسمى نېمە؟ سورىدى غۇلام ئەپەندى.

— مەنمۇ ئېنىق ئۇقمايمەن. كىشىلەر ئۇنى «ئىلان دەرىخى»، «قىزىل دەرەخ»، «نەقىشلىك دەرەخ»...



دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ.

— بۇ دەرەخ ئۆزى ئۈنۈپ قالغانمۇ، ياكى سىرتتىن ئەكېلىپ سالغانمۇ؟

— مەن كىچىك چاغدا، دادام ئوتۇن كەسكىلى كېتىپ، قۇملۇقنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىپتىدائىي توغراقلىقتا ئۇنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇپىسى بىلەن قومۇرۇپ، تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ غولى بىلەكتەك بار ئىدى. بۇ يەرگە سېلىپ قويغىنىمىزغا 60 يىلدىن ئاشتى.

— بۇ دەرەخنىڭ يەنە قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟

— ئەتىيازدا تاشلىغان قوۋزىقىنى قاينىتىپ ئىچسە، ئۆت، بۆرەكلەرگە چۈشكەن تاشنى ئېرىتىپ چۈشۈرىۋېتىدۇ. ساقايمىغان جاراھەتكە يوپۇرمىقىنى يەنچىپ، سۈيىنى تېمىتسا، تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

— مېۋە بېرەمدۇ؟

— ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. كۈزدە يوپۇرماق تاشلىغاندا، يوپۇرماقلار بىلەن بىرگە قۇرۇپ قاق بولۇپ كەتكەن مېۋىسىدىن 7ـ8 تال چۈشىدۇ. چوگلۇقى تۆگە مايىقىدەك كېلىدۇ. ئىچىدىن قوشماق مېغىزى چىقىدۇ. تۇغماس ئاياللار بىر تالدىن يېسە، پەرزەنت يۈزى كۆرىدۇ.

— بۇ دەرەخنى كۆپەيتىپ، زىننەت دەرىخى قىلىپ، شەھەرلەرگە سالسا تازا مۇۋاپىق كېلىدىكەن، — دېدى بىرسى دەرەختىن كۆزىنى ئالالماي.

— ئۇمۇ بىر گەپ. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ دورىلىق قىممىتى، — دېدى يەنە بىرى.

— ھەقىقەتەنمۇ گۆھەر دەرەخ ئىكەن...

غۇلام ئەپەندى بۇ دەرەخنى ئەرەپ - ئەرەپتىن سۈرەتكە تارتىۋالدى ۋە يوپۇرمىقىدىن بىر تۇتام، تۇرسۇن بوۋاي يىغىپ قويغان قوۋزىقىدىن بىر تۇتام ئەۋرىشكە ئېلىۋالدى.

— ئاڭلىسام سىلى ئورمان مۇتەخەسسىسى ئىكەنلا، — دېدى تۇرسۇن بوۋاي غۇلام ئەپەندىگە، — بۇ دەرەخ باشقا يۇرتتىمۇ بارمىدۇ؟

— بۇنداق دەرەخ دۇنيا مىقياسىدا ھازىرغىچە بايقىلىپ باقمىغان. تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ بۇنداق دەرەخ خاتىرىلەنمىگەن. مېنىڭچە بۇ دەرەخنى باشقىلار ئاتىۋالغان ناملارنىڭ بىرەرسى بىلەن ئاتىساقمۇ ياكى يېڭى بىر ئىسىم قويساقمۇ بولىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن بۇ يەرگە يىغىلغانلار بۇ دەرەخكە يېڭى ئىسىم تېپىشقا چۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭچە تۇرسۇن بوۋاينىڭ ئىسمى بىلەن «تۇرسۇن دەرىخى» دەپ ئاتايلى.

— مېنىڭچە «نەققاشلىق دەرەخ» دېگەن تۈزۈك.

— ياق، ئۇنى «جەننەت دەرىخى» دەپ ئاتايلى.

— «خاسىيەتلىك دەرەخ» دەيلى.

— بۇ دەرەخ تەكلىماكاندىن تېپىلغان ئىكەن. شۇڭا «تەكلىماكان دەرىخى» دەپ ئاتىساق قانداق؟!

— «قىزىل دەرەخ» دېگەنمۇ تۈزۈك ئىكەن.

بىر ھازا تالاش - تارتىشتىن كېيىن، بۇ دەرەخكە «تەكلىماكان تۇرسۇن دەرىخى» دەپ نام بېرىلدى.

× ×

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا غۇلام ئەپەندى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس - ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن 57 كىشىلىك تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى ئەگەشتۈرۈپ، تۇرسۇن بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ئۆتكەن يىلى غۇلام ئەپەندى قاتارلىقلارنى كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ «گۇس - گۇس» دەسسەپ يۈرۈپ، باغ ئايلاندۇرغان تۇرسۇن بوۋاي ئەمدى ھاسا تايىقى تايىنىپ، قەدەملىرىنى ئەستە يۆتكىگەن ھالدا، سۇلغۇن ھەم ھەسرەتلىك چىرايىنى ئاچماي كۈتۈۋالدى.

— بىز «تەكلىماكان تۇرسۇن دەرىخى»نى تەتقىق قىلغىلى كەلدۇق، — دېدى غۇلام ئەپەندى سالام-سائەتتىن كېيىن.

— ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بېرىڭلار، ئۇ دەرەخ شۇ يەردە، — دېدى تۇرسۇن بوۋاي نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— نېمە؟ ئۇ دەرەخنى ھاكىم ھويلىسىغا كۆچۈرىۋالدىما؟

— يېڭى سالغان ئۆيىنىڭ پېشايۋىنىغا تۈۋرۈك قىلىۋالدى....(08)



# تاغ ھەققىدە رىۋايەت

(نەسر)

ئەھمەتجان ياسىن (ئىقبال)

ئۇ چىشىغا مەخمەل تون يېپىنىپ، مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاتامدەك پاسبان تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ باغرىدا كۈچلۈك ھەۋەس، سۆيگۈ ئېھتىرام بىلەن بۈيۈك چوققىلارغا كۆز تاشلاپ تۇراتتىم. يېنىمدا خىزىر سۈپەت، چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك بىلەن يېشىل كىمخاب زەر تون كىيگەن تاغ مۆئەككىلى بوۋا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! تاغ مۆئەككىلى بوۋا!

— دېدىم مەن ئېھتىرام بىلەن.

تاغ مۆئەككىلى بوۋا سالىمىمنى ئىلىك ئالدى؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغلۇم! بۇ يەرلەرگە قەدەم بېسىپ قاپسەنغۇ؟

— شۇنداق، بوۋا! مۇشۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدا قىلىشقا تېگىشلىك خىزمىتىم بار ئىدى، شۇنى بېجىرىشكە كەلگەن ئىدىم، — دېدىم مەن.

— ئۇ قانداق خىزمەت ئىدى؟ — دەپ سورىدى تاغ مۆئەككىلى بوۋاي مەندىن.

— ئۇ بولسىمۇ، يەلكەمدىكى ئانا زېمىن يۈكلىگەن مۇقەددەس قەرزدۇر — زېمىننى كۆيلەش، زېمىننى ئۇلۇغلاش ۋەزىپىسىدۇر، — دېدىم مەن.

— ناھايىتى ئوبدان خىزمەت، ئوبدان خىزمەت! — دېدى تاغ مۆئەككىلى بوۋاي، — زېمىن ئانا بىزنى باقتى، ئۆستۈردى. بىز زېمىن ئانىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب بېرىشىمىز، زېمىننى ئۇلۇغلىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

— تاغ مۆئەككىلى بوۋا، سىز ماڭا تاغ ھەققىدە، بۈيۈكلۈك ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟، — دېدىم مەن.

— بولدۇ، ئوغلۇم مەن ساڭا ئانا زېمىن يارىتقان تاغلار ۋە ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى ھەققىدىكى رىۋايەتنى قىسقىچە بايان قىلاي، سەن قۇلاق سېلىپ ئوبدان ئاڭلىغىن، ئەمسە! ، — دېدى تاغ مۆئەككىلى بوۋاي ماڭا قاراپ مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ.

تاغ مۆئەككىلى بوۋاي رىۋايەت باشلىدى:

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا يارالماستىن ناھايىتى بۇرۇنلاردا زېمىن باغرىدا تاغ دېگەن بۇ يۈكسەك جىسىم يوق بولغانىكەن، بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ بىپايان زېمىن گويا تېگى يوق دېڭىز بولغانىكەن، دېڭىزدا ناھايىتى نۇرغۇن قىممەت باھالىق ئېسىل گۆھەر تاشلار، ياقۇت مارجانلار، بىليارت - گىرانىتلار، ئۆزلۈكىدىن نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئەنگۈشتەرلەر، ھەر خىل قىممەت باھالىق ئۆسۈملۈكلەر، مېۋىلىك دەرەخلەر، خىلمۇ - خىل ھايۋاناتلار، جانىۋارلار سۇ ئىچىدە ياشىغانىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالەمدە قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، دېڭىزلار قۇرۇپ، ئۆسۈملۈكلەر سولىشىپ، جانىۋارلار تەشنالىقتىن چاڭقاپ ئۆلۈشكە باشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن قۇياش ئاتا زېمىن ئانىغا ئىچىنى ئاغرىتىپ يامغۇر مەلىكىسىنى ئەۋەتىپتۇ. يامغۇر مەلىكىسى زېمىنغا كېچە- كۈندۈز توختىماي كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپتۇ. زېمىن قوينىدا يامغۇر ياشلىرىدىن كۆكىرىپ ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈشكە باشلاپتۇ. يامغۇر مەلىكىسى كۆزلىرىدىن تۆككەن مارجان ياشلار خۇددى بۇغداي ئۇرۇقىدەك زېمىن باغرىغا چېچىلىپ گىرانىت تاشلارنى ھاسىل قىپتۇ. قانچە- قانچە زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى گىرانىت تاشلار يامغۇر مەلىكىسى ئاتا قىلغان ھاياتلىق شاپائىتى بىلەن ئۆسۈپ - كۆكلەپ، چوڭ بولۇپ، ھالا بۈگۈنكە كەلگەندە مانا مۇشۇنداق بۈيۈك تاغلارنى ھاسىل قىلغانىمىش. ئوغلۇم، ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟

— چۈشەندىم بوۋا، ئۆزلىرى مۇشۇ تاغلارنىڭ مۆئەككىلى ئىكەنلا، مالال كۆرمەي ماڭا ئۆزلىرىنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا، مەن تېخىمۇ ئېنىقراق بىلىۋالسام، — دېدىم مەن.

— مېنىڭ يېشىمنى سورىدىڭمۇ؟ — دېدى تاغ مۆئەككىلى بوۋاي، — ئەلمىساقتىن بۇيانقىسىنى ھېسابلىغاندا نەچچە يۈز مىليارد ياشقا كىردىم، بۈيۈكلۈك بابىدا، يۈكسەكلىك قامۇسىدا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان بۈيۈكلۈك ھەم ھېكمەت بولماس!

— مۇشۇ بۈيۈكلۈك ھەققىدە ماڭا تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشەنچە بەرگەن بولسىلا ئىدى بوۋا؟ — دېدىم مەن تاغ مۆئەككىلى بوۋايغا ئىلتىجا قىلىپ.

— بولدۇ، بۈيۈكلۈك ئىنسانغا خاس ئالىي پەزىلەتتۇر، ئىنسان پەزىلىتى ئالدىدا تاغ- چوققىلارنىڭ بۈيۈكلۈكى ھېچ گەپ ئەمەسقۇ، ئوغلۇم! — دېدى تاغ مۆئەككىلى بوۋاي.

— دۇرۇس، ئىنسانلار گەرچە بىرسى ئېگىزدە، يەنە بىرسى پەستە ياشىسىمۇ ھەممىدىن يۈكسەك، ھەممىدىن بۈيۈك خىسلەتكە ئىگە پەزىلەت ئىگىسىدۇر.

تاغ مۆئەككىلى قاقاقلاپ كۈلدى، مەنمۇ قاقاقلاپ كۈلدۈم.



تەھرىرى: 08

(ئۆركەش ئىبراھىم)

## رۇبائىيلار

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

1

ئەقىدە، ئېتىقاد ئەمەس خۇشامەت،
قىلمىدىم ۋىجداننى سېتىپ تاپاۋەت.
ھەقىقەت شەمشىرى قولۇمدا ھامان،
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدە ئەلگە مۇھەببەت.

2

شائىرمەن، قولۇمدا قەلەم ۋە كىتاب...
تۈيغۇمدا «يازا!» دېگەن جاراڭلىق خىتاب.
بىر مىنۇت بوش كەتسە بولسىمەن بىتاب،
مىڭ چايان چاققاندەك چېكىپ دەرد ئازاب.

3

ھۇرۇنغا قىلدەك ئىش پىلدەك كۆرۈنەر،
دەيدۇ ئۇ: تاپىمەن، تىلەپ، تۆكمەي تەر.
تەر تۆكمەي تاپقان شۇ نېمەتتە نەتىم؟!
ئۆتىدۇ قەدىرسىز، ھايۋاندىن بەتتەر.

4

كالتە پەم ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ،
يۈرۈيدۇ لاپ بىلەن تاغلارنى تۈزلەپ.
ئاقىللار سۆزلەيدۇ پىشقاندا پىكرى،
مەلۇم بىر مۇددىئا ـ مەقسەتنى كۆزلەپ.

5

باقمايمەن ئۆزگىگە قىلىپ خۇشامەت،
ياراشماس ئەجىرسىز كەلگەن تاج ـ دۆلەت.
بىراۋغا يېلىنىپ كۆرگەندىن راھەت،
مىڭ رازى تىنىك تۇرۇپ چەكسەم رىيازەت.

6

ئادەممەن، ھاياتنى سۆيۈپ ياشايمەن،
بىلىمگە يار بولۇپ، كۈلۈپ ياشايمەن.
ئەل غېمى قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ ھامان،
بىر ئۇلۇغ ئارماندا كۆيۈپ ياشايمەن.

## ئاخىرقى چەك

تۇرسۇننىياز ئوغۇز

ساڭا ئاتاپ خەت يېزىش ئۈچۈن،
ئادرېسىڭنى بىلىشىم كېرەك.
يۈرىكىڭگە يېقىنلاش ئۈچۈن،
بەلكى نەچچە ئۆلۈشۈم كېرەك.

يۇراش ئۈچۈن قارا چېچىڭنى،
قارا تۈنگە كۆنۈشۈم كېرەك.
سەنكى يۇلتۇز، ئەۋجىمدە ئۆزۈم.
سامان يولى بولۇشۇم كېرەك.

## توي قىلايلى مارتتا بىر كۈن

مۇتەللىپجان مۇھەممەت (ھىجرانىي)

«توييىمىزنى قىلىمىز قاچان؟»
دەپ سوراپسەن خېتىڭدە جانان.
ئەنسىرىمىگىن مېنىڭدىن ھەرگىز،
توي قىلىمىز ئىككىمىز ھامان.

بۇمۇ مودا بوپ قالدى ھازىر،
ھەشەمەتلىك چايلار، توي ـ تۆكۈن.
بىزمۇ يېڭى مودا يارىتىپ،
توي قىلايلى مارتتا بىر كۈن.

## پارچىلار

تۇردىبەگ مەمەتبەگ (تاجىك)

1

ۋاقىتلىق تەۋەدۇر ساڭا ئۇ ئەمەل،
سۇرسەن دەۋرىنى ئۇنىڭ بىر مەھەل.
تونساڭلا سەن ئۇنى ئابرۇيۇڭ بىلەن،
شەنىڭگە ھەر دائىم ئوقۇلار غەزەل.

2

سەن شەھەر ۋارىسى، مەن سەھرا ئوغلى،
(ئوخشىماس شەھەرنىڭ سەھراغا يولى.)
ماختانما شەھەرلىك، مېنى تومپاي دەپ،
سەھرادۇر شەھەرنىڭ تۈۋرۈكى ئۇلى.



ئۈچۈش ئۈچۈن چەكسىز ئەۋجىگە،
ئۇھ!... ئەركىن قۇش بولۇشۇم كېرەك.
تېپىش ئۈچۈن مەڭگۈ سۆيۈشنى،
مەن سۆيۈشنى بىلىشىم كېرەك.

## ۋاپاسىز ئىنتا

توختىھاجى سەييىدى

كۈچۈك ئىدىڭ مەن باققان چاغدا،
پەرۋىشىمدە بولغانتىڭ تايغان.
ھالا بۈگۈن پۇچۇق نان ئۈچۈن،
كىملەرگىدۇر ئەگەشتىڭ ھايۋان.

لالما بولۇپ ئۇنتۇدۇڭ مېنى،
بىراۋلارنىڭ ئىشىكىدە يېتىپ.
ئۇچراتقاندا تونۇمىدىڭ ھەم،
قاۋاپ كەتتىڭ شالىڭنى چېچىپ.

يۈزۈڭ تۈكلۈك مەخلۇق بولغاچقا،
مەيلى دېدىم قىلىقلىرىڭنى.
يەنە ساڭا ئىچىم ئاغرىدى،
كۆرۈپ، ياتقان ئېرىقلىرىڭنى.

مەن باققاندا ھويلا ـ ئارامدا،
ئىسسىقنە بار ئىدى كەپەڭ.
قانداق بولۇپ كېتەر ھەي ئېسىت،
ئاشۇ ھالدا ياشساڭ ئەتەڭ؟!

## گۈل

گەخمەتجان گىمىن (گارمان)

(پۇشكىنغا تەقلىد)

چاڭ باسقان خاتىرە... نىتىرىدى قولۇم،
ئۇ ئىدى ئۆتمۈشتە يېقىن سىرداشىم.
تۇراتتىڭ قېنىدا قۇرىغان گۈلۈم،
بەرگىڭگە تۆكۈلدى ئاخىرقى يېشىم.

سەن قاچان بۇ جايدا قالدىڭ تاشلىنىپ؟
سۆيگۈمنىڭ رومانىنىڭ تارىخى بولۇپ.
سەن قاچان تۈگىگەن، قاچان باشلىنىپ؟،
تۇرۇپتۇ سۆيگۈم ھەم ھۆسنۈڭدە سولۇپ.



مەيلى سەن بۇجايدا مەڭگۈلۈك ئۆلگىن،
ئەمدى مەن ياش تۆكۈپ چەكمەيمەن پىراق.
مەيلى سەن باشقا بىر باھاردا كۈلگىن،
مەن ئۈچۈن تىرىلىپ، چاچما ھەم پۇراق.

قۇرۇماس بىر گۈلنى تاپتى خاتىرەم،
ئۇنتۇلغىن، ئۇنۇت ھەم مېنى...ۋا دەرىخ!
مەن يېگى كىرىش سۆز يېزىلغان چۆچەك،
مەن تېخى خاتىمەم پۈتمىگەن تارىخ...

## تېخى

قەھرىمان روزى

مەۋج ئۇرۇپ دولقۇن ياسار قانىڭ تېخى،
بەل قويۇپ ئۇھسىنما، بار جانىڭ تېخى.

تەمتىرەپ كەتمە مۇشەققەت يولىدا،
سۇنمىدى جۇتتا ناملم تالىڭ تېخى.

تاغنى تالقان قىلغۇدەك ئەركەك ئۈزۈڭ،
تولغىنىسى يانچۇقتا پۇل- مالىڭ تېخى.

ئەر تۆكۈپ مېھنەت بىلەن ئۆتسەڭ ھامان،
پۇركىنەر گۈلگە بېغىڭ، يانىڭ تېخى.

نەۋباھار- نورۇز كېلۇر يىللار سېرى،
ھاللىنىپ ئۆسكەي سېنىڭ ھالىڭ تېخى.

## خەتكە قوشۇپ ئەۋەتتىم يۈرەك

مۇھەممەت مەتنىياز

غەم قىلمىغىن ئوماق پەرىشتەم،
خەتكە قوشۇپ ئەۋەتتىم يۈرەك.
تاقىتىڭنىڭ دولقۇنلىرىدىن،
كۆكرىكىمگە ئۆسەر كېلەچەك.

سېغىنىشىڭ شېرىن ئازابى،
پەرۋازىمغا چىقىرار قانات.
سەن چاقىرساڭ مۇقەددەس ئۈندە،
قول سىقىشار مەن بىلەن ھايات.

## بۇلاق

نۇرمۇھەممەت جېلىل

ئويناق بۇلاق، شوق بۇلاق،
ئېقىشلىرىڭ بەك ئوماق.
يار قەلبىدەك غۇبارسىز،
سۈيۈڭ سۈزۈك، يالتىراق.
شىلدىرلىغان ئاۋازىڭ،
ئاڭلانغاندا قۇلاققا.
ئوخشىتىمەن يېقىملىق ،
يار توقىغان قوشاققا.
شامال چىقسا بويۇڭدا،
يەلپۈنىدۇ ياش قىياق.
يارنىڭ ئەگىم قېشىدەك،
كۆرۈنىدۇ بەك ئوماق.
شۇنچە تىنىق، گۈزەلسەن،
يارنىڭ نۇرلۇق كۆزىدەك.
سۈيۈڭ لەزىز، شەربەتلىك،
ئۇنىڭ شېرىن سۆزىدەك.

## ھىلال ئاي

قىز قېشىدەك ھىلال ئاي،
ئەكسىڭ چۈشتى بۇلاققا.
يارغا ئالتۇن ھالقا بول،
سېلىۋالسۇن قۇلاققا.

سەن ئوخشايسەن ھىلال ئاي،
گويا كۈمۈش تاغاققا.
گاھ ئوخشايسەن ئىشچانلار،
ئوما ئورغان ئورغاققا.

سېنىڭ بىلەن ھېسلىرىم،
ئىگە بولدى قاناتقا.
سەن گۈزەللىك ئەلچىسى،
چاچ نۇرۇڭنى ھاياتقا.

## سۆيۈشۈش كۆچى

مۇختار قادىر

ئۆچۈپ قالسا ناۋادا قۇياش،
چوققىلاردا ئېرىمەيدۇ قار.
جىترالارنى قاپلاپ خىرىستال،
ئۆڭكۈرلەرگە مۆكىدۇ باھار.

پالاكەتكە ئۇچراپ ھاياتلىق،
باغلاردىمۇ پىشمايدۇ ئانار.
ئامالى بىر: بىرلا سۆيۈشسەك،
جىسمىمىزدىن مىڭ قۇياش يانار.





↑ تەشۋىقات جېڭى

تېمىسىز ↓

→ ماختاپ ئۇچۇرۇش





# ئابلىز ئابدۇللانىڭ
# بەدىئىي سۈرەتلىرىدىن تاللانما



↑ مۇڭدىشىش

↓ قاناس دەرياسى





↑ قەشقەر كوچىسى

↓ مويسىپىت



↓ پەتىگە





**گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئىسمائىل ئىبراھىم**

# قۇربان ھېيتلىق سالام، قۇربان ھېيتلىق سوۋغا




دىرېكتور: خالمۇرات غوپۇر

دوكتور خالمۇرات غوپۇر باشچىلىقىدا ياساپ چىقىلغان خابۇ غەر-غەر سۇيى ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىپ، گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ.چىشنى چىڭىتىدۇ، گال ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 36 - قورۇ.

تېلېفون نومۇرى: 2865663 پوچتا نومۇرى: 830001




مۇلازىمەت تۈرى: ئالىي، ئېخنىك مەكتەپلەرنىڭ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرى ۋە ھەر خىل كىتابلار

ئادرېسى: غالىبىيەت يولى 165 - قورۇ

تېلېفون: 2864524 چاقىرغۇ: 5940 - 2888888



قاتارلىقلار

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىنمىن يولى 9 - قورۇ (دورا ماتېرىياللىرى سارىيىنىڭ 9 - قەۋىتىدە)

تېلېفون نومۇرى: (0991) 2629122، 2629121

يان تېلېفونى: 9009890 چاقىرغۇ: 1997 - 2811118




ۋە ھەر خىل خەلقئارالىق مودا كىيىم - كېچەكلەر

ئادرېسى: چېنتاڭجياڭ يولىدىكى «21 - ئەسىر خەلقئارالىق سودا بىناسى»نىڭ 3 - قەۋىتىدە

يان تېلېفونى: 9019563 چاقىرغۇ: 14258 - 2812799




خوجايىن: غالىپ ھاجى

ئادرېسى: يەنئەن يولى «ياشلار باغچىسى»نىڭ ئالدىدا

تېلېفون نومۇرى: 2889509 چاقىرغۇ: 2033933 - 126



تىجارەت تۈرى: خەلقئارالىق سودا، كۆكەرتىش تۈرلىرى

ئادرېسى: بوغدا يولى 52 - قورۇ

تېلېفون: 2311157 چاقىرغۇ: 4856 - 2811118